مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

HERITAGE UIGHUR FOLK LITERATURE



美拉斯 MIRAS

# مىراس

5

2004

1004-3829
10>
9 771004 382027




قۇربانجان روزى شەيدايى يازغان

# مراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2004 - يىل 5 - سان



(ئومۇمىي 85 - سان)


## چەت ئەللەردىكى ئەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كوئىچى ئىكارى نېمە دەيدۇ؟........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن (1)

## بۆرۈنىنىڭ بۆرۈنىسىدا

كېرىيەدىكى ئاجايىپ مەخلۇقات ۋە غارايىپ مەۋجۇداتلار..................

.......................... توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (8)

ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراندىن ئۆگۈتلەر..................

.................. ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (10)

بارىكاللا بىلەن شاباش............... توپلىغۇچى: ئابلىكىم تۇرسۇننىياز (15)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى........................ غالىب خوجابدۇللا (19)

قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ نالە - زارى............. چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف (23)

## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

خىيانەتچىنىڭ بايانى........................................ (34)

مەن داپيۇز........................................ (36)

زەھەرلىك ئادەم........................................ (38)

## كۈلكە جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار........................................ (39)



باش مۇھەررىر:

**يۇسۇپ ئىسھاق**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

باھاسى: 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

## ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

## قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

编辑:《美拉斯》编辑部　主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会(乌市友好南路 22 号文联 14 层)　电话: 4554017　印刷: 新疆日报社印务中心　发行: 乌鲁木齐邮局　订阅: 全国各地邮局　国内统一刊号: CN65－1130/I　国外统一刊号: ISSN1004－3829　邮编: 830001　代号: 58－60　定价: 5.00 元

شەيتان بەت...................................................(77)

### ئەقىل دۇردانىلىرى

ھېكمەتلەر...................................................(42)
«نادىر ھېكايەتلەر»دىن نەمۇنىلەر...................................................
...................ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھمۇد زەيدى (44)

### يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

ساتار ھەققىدە ئەپسانە...................................................(56)
قاراخان ۋە داپ...................................................(60)
نەي قانداق پەيدا بولغان...................................................(61)
ناغرا ھەققىدە...................................................(62)
ئادەم ئاتىنىڭ پانىي ئالەمگە قوغلانغانلىقى...................................................(63)
ئاي ھەققىدە ئەپسانە...................................................(65)
چولپان يۇلتۇز ھەققىدە...................................................(66)

### دۇنياغا نەزەر

تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى...................... سىماناقۋى (پاكىستان) (68)

### ئايدىڭ كېچىلەر

رامزان قوشىقى، پوتا قوشىقى...................................................(74)

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: قاپاق چېقىش. ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك سىزغان.
ئىچ بەتلەردىكى سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار تەمىنلىگەن.






# كوئىچى ئىكارى نېمە دەيدۇ؟

ئاپتورنىڭ يېقىندا نەشرگە تاپشۇرغان «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسى» ناملىق كىتابىدىن ئارىيە

كوئىچى ئىكارىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىنى تەكشۈرۈشكە باھا

ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇر جامائىتى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىگە ناھايىتى قىزىقىدۇ، بۇ قىزىقىشى ھېسسىيات ئامىللىرىغا شۇ قەدەر بايكى، باشقا بىر مىللەتنىڭ بىر مۇئەللىپى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم بىر تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەنلىكى سەۋەبلىك، كىشىلەر ئۇنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى ۋە مەقسىتى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈشنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. نەتىجىدە، بىزگە باھا بەرگۈچىلەر ئەسلىدىكى رېئال قىياپىتىنى يوقىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



رىۋايەت تۈسىنى ئېلىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىمىز كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا ياپونلار قىزىقىۋاتقانمىش، ئۇلار بۇ جەھەتتىكى قايىللىقىدىن مەخسۇس كىتاب يېزىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئاڭلىغانمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ماڭا ئۇ گەپلەرنى ئېيتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ياپونىيىلىك مۇئەللىپنىڭ ئەسلى ئەسىرىنى كۆرمىگەن ياكى ئەسەر ھەققىدە بىرەر يازما ئىنكاسىنى كۆرمىگەن. يەتكۈزەرلەرنىڭ چىرايىدا ھاياجان ۋە ئىپتىخار! ئاللىبۇرۇن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنوزاۋۇرلار ھەققىدە ئالىملار جىق كىتابلارنى يېزىشتىكى، بۇ كىتابلاردىن دۇنياۋى بىر كۆتۈپخانىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن. خېلى چوڭ بىر ئېتنىك تۈركۈم سۈپىتىدە ياشاپ، 21 ـ ئەسىرگە ئۇلىشىپ دۇنياغا مۇشۇكئېيىقچىلىك تونۇلالمىغان ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدا دۇنياغا مەنسۇپ ئەلدىن چىققان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئېلىنىش تەقەززاسىنىڭ بولۇشىدىن تولا ئەجەبلىنىپ كەتسەمۇ بولماس. سېنىڭ چۈشىنىشىڭگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۇنيانىڭ تەسۋىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇرۇپ چىقساڭ، ئاندىن دۇنيادىن ئۆزۈڭنى كۆرۈش لاياقىتىگە ئېرىشىسەن. دۇنيادىكى ھەر بىر ئىش ۋە ھەر بىر پىكىر دولقۇنى سېنىڭ نەزىرىڭگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق، ئۇلار سېنىڭ ئالىمىڭنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا چۈشكەن يۇلتۇزلارغا ئايلانغاندىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغان بولىسەن.

چۈمۈلىلەر ھەققىدىكى بىلىمنىڭ تارىخى بار دېسەك، بۇ يەنىلا چۈمۈلىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلىگەن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر جەريانى. بۇنىڭ پايدىسى چۈمۈلىلەرگە ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. بىز ھەققىدە كىتاب يازغانلارغا نىسبەتەنمۇ مۇشۇ تەقلىدتىكى گەپلەرنى ئېيتىش مۇمكىن.

2002 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلدىم. ئۇ كوئىچى ئىكارى ئىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ئۇمھوتو ئۇنىڭ ئەسىرىنى بېسىپ چىقىرىپ، مېنىڭ ئۈستەلىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغانىدى. ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە ماۋزۇسى ئىنگلىزچە:

The Symbiotic Relationship betweenthe»
«Infant and the Old In OIghur

(«ئۇيغۇرلاردا ياشانغانلار بىلەن بالىلارنىڭ دەرقەمتىلىكى»)ئىدى. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئىنگلىزچە، تولۇق تېكىستى ياپونچە ئىدى. ئاپتور كوئىچى ئىكارى ياپونىيە فوكۇئوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ پروفېسسورى، شۇنداقلا نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئىكەن. ئۇ بىر قىسىم ياپون ئۆسمۈرلەرنى باشلاپ يىپەك يولىنى ساياھەت قىلدۇرغان. جۈملىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئائىلە قىياپىتى، پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ناتۇرال شەكىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ـ مامات قاراشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە تەھلىل يۈرگۈزگەن.

ئەسەرنىڭ بىر قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ياپونىيىدىن ئىبارەت سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە كۆرۈلگەن جاراھەتلەرنى تامامەن ئەنئەنىۋى شەكىلدە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان، ئاساسىي گەۋدىسى سەھرادىن ئىبارەت بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن داۋالاش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئاپتور ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ياشانغانلارنىڭ توپا ـ چاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تەبىئىي ھاياتىدىن زوقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن خالىي ھالدىكى بىغەم روھىي ھالىتىدىن، ساددا، پەردازسىز گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى ۋە ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. قانداشلىق، تۇغقاندارچىلىق، مەھەللىدارچىلىق، يۇرتدارچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ جاپالىق، نامرات سەھرا مۇھىتىدىكى روھىي كېسەللىكتىن خالىي بىغەم تۇرمۇشى ئاپتورنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. توخۇ، كەپتەر، كالا، ئېشەك، ئات ۋە قويلارنىڭ ئاۋازى، تۇپراق ھىدى، توپىلىق يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن سەھرا مۇھىتىدىكى بۇ دېھقانلار جان باقۇدەكلا مۇ-

لۇككە ئىگە، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىمۇ ئاددىي، لېكىن، ئۇلار شۇ قەدەر قانائەتچان ۋە ئىناقكى، دىنىي تۇيغۇغا باي ئادەملەردە بولىدىغان شۈكۈرچىلىك ئۇلارنى رېئال خىرىس ۋە رىقابەتتىن خالىي قىلىپ، تىنچلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئاپتورنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتتىكى تەسۋىرلىرىنى مەن ياپونىيىدە كۆرۈپ ئوقۇغان بولغاچقا، ماڭا شېئىردەك تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى، مېنىڭ روھىمدا ئالدىراشچىلىق بىلەن باشقىلارغا بېيەرۋالىشىپ كەتكەن ياپون كىشىلىرى ئاتا قىلغان يالغۇزلۇق پىنھانى، ۋەتەن سېغىنچى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە باش كۆتۈرگەنىدى، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئادەملەر توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى ئالاھىدە زىللىشىپ تۇرغان روھىمغا تەسىر قىلغانىدى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ياپونچىسىنى ۋەتەنگە ئالغاچ كەلگەنىدىم، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى «چوڭ - كىچىكلەر بىللە ياشاش ساداسى — دادا، ئاپا، خۇشال ئۆتەيلى» بولۇپ، نەشر قىلىنغان ۋاقتى 2003 - يىل 8 - ئاي ئىدى، ئۇيغۇر يېزا كۆرۈنۈشلىرىگە ئائىت فوتو سۈرەتلەر كىتابنىڭ باش تېمىسىنى ئېچىپ بېرىشتە خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. تەرجىمان غەيرەت شاۋۇدۇن تەرجىمىگە خېلى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىشىدە يېتەرلىك قەلەم قۇۋۋىتىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ساغلام بولمىغان جۈملىلەر پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىمۇ تازا مۇۋاپىق بولماي قالغان. مەن بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەتنىڭ كۆپرەكىنى مۇھەررىرگە تالىق دەپ قارايمەن. چۈنكى، مۇھەررىرنىڭ ئۆزى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تۇرۇپ، مەزكۇر نەشرىياتتىن چىققان ئەسەرلەرنىڭ نامىغىمۇ ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمەپتۇ. نەشرىياتچىلىقىمىزدا بىۋاستە تەرجىمىنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك مەزكۇر تەرجىمىدىكى سەۋەنلىكلەرگە توغرا قارىدىم. ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئەسلىي دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ھەر ھالدا ئۇقتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەسەرنىڭ كېيىنكى نەشرىدە سەۋەنلىكنى چوقۇم تۈزىتىش لازىم. مەن تەرجىماننىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن نەقىل ئېلىشقا تېگىشلىك جۈملىلەرنى ئەينەن ئالدىم.



ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بولغان مەھلىيالىق ھالىتىنى ئۇنىڭ بىر قىسىم جۈملىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«يول ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا چېپىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىدا قىپقىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان ياكى بولمىسا قۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئاق ياغلىق ئورىۋالغان، بۇلاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر چوكانلىرى».

«يېپەك يولى مەنزىرىلىرىدە ئېشەك ھارۋىسى، ياشانغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا بالىلار كەم بولسا بولمايدۇ. نارەسىدە بالىلار ئۇيناپلا قالسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەزمەن چوڭلار بولغان بولىدۇ. خام خىش تېمىغا يۆلەنگەن بوۋاي ياكى موماي ئۇيان - بۇيانغا تەۋرەپمۇ قويماي، بالىغا قاراپلا تۇرىدۇ. چوڭلارنىڭ كۆزى بالىلاردىن زادى ئايرىلالمايدۇ».

«ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن، ئاق ساقال قويغان

بوۋايلار پەيلاسوپلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئېشەكنى قامچىلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ».

«بالا نەدە، كۆز شۇ يەردە».

... ...

يۇقىرىقى مەنزىرىلەرنى كۆرۈۋاتقان كۆز ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇ مەھلىيا بولغان يېزا مەنزىرىسىگە تويۇنغان، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز ئۇ يېزىلارنىڭ باياشات ھالىتى ياكى يوللىرى ئاسفالتلاشقان، قاتناشلىرى زامانىۋىلاشقان، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇلايلاشقان، ئۆيلىرى يورۇق ھەم پاكىز، ئەمما، مەنىۋىلىكتە ئەنئەنە بىلەن ئىزچىللىقنى ساقلىغان تىپىك ئۇيغۇر يېزىلىرى. ئەكسىچە، كوئىچى ئىكارى ئەپەندىنىڭ كۆزى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە تويۇنغان، بەلكى، بۇ خىل جەمئىيەتتىكى كىشىلىك غېرىبچىلىقتا زېرىككەن كۆز، ئۇ تىنچ، بىغەم، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بىلەن تولغان جەمئىيەتتىكى سەممىي كىشىلىك ئالاقىنى ئىزدەيدۇ. بۇ كۆز ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يىتمەيدۇ. ئاپتور ئۆزى ئىزدىگەن سەممىيلىك، قويۇق كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، تەبىئىيلىك قاتارلىقلارغا يەتكۈچە ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى توققۇزى تەل ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ جىددىي روھىي ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياپونىيىدىكى ‹ئائىلە› ۋە‹مەكتەپ›لەردە كەم بولغىنى ئىنسانىي مېھرىبانلىق، يېقىنلىقتىن ئىبارەت» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

ئاپتورنىڭ سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزىسى ياپونىيە كىتابخانلىرىدا قانداق تەسىر قوزغىدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ خەۋپىنى زورايتىپ چۈشىنىدۇ، بۇ جەمئىيەتتىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگىمۇ بىپەرۋا قارايدىغان بىزدەك كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىنى پەيدا قىلىدۇ. ياپونىيە مېنىڭ تەسىراتىمدا قانۇنغا مۇخالىپ ئىشلار ئەڭ ئاز يۈز بېرىدىغان جەمئىيەت. تاغ تۆپىسىدىكى بىرەر پارچە خادا تاش دومىلاپ چۈشۈپ، تاشيولدا توختاپ قالغان بولسا، بۇ ياپونىيە تېلېۋىزىيىلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئاخبارات بولالايدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ياپونلاردا ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز بولغان سەلبىي ئاقىۋەتلەرگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىشتەك ئەستايىدىل پوزىتسىيە ئومۇميۈزلۈك يېتىلگەنىدى. ياپونىيىدە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغانلار باشقا ئەللەردىكىدىن كۆپ، بۇنى ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. لېكىن، ئۇ قېرىلاردىكى يالغۇزلۇقتىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، قېرىلارنىڭ سانى ياپونىيىدە يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەتلەرگە ئىگە ئىكەن. مەن تىسۇرۇگىدىكى تاللا ماگىزىنىدا ياشلارنى ئاز ئۇچراتتىم، بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپى ياشانغانلار ئىكەن، ئۇلار ماگىزىن كۆرۈپ، نەرسە ـ كېرەك ئېلىشنى ئىچ پۇشۇقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تۈرلۈك مەشغۇلات قاتارىدا چۈشىنەتتى. ئۇلاردىكى ئىچ پۇشۇقى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ قانۇن ۋە سىياسىينىڭ بىۋاستە زەربىسى تۈپەيلى پەيدا بولغان خارامۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ياشلار ئوقۇش ۋە ئىشلەش پۇرستى ئىزدەپ يىراقلارغا كەتكەن، بالىلار ئانىلارنىڭ ھىمايىسىدە ئوقۇش بىلەن، قېرىلارمۇ ئىمكانىقەدەر ئىشلەپ، قولىدىن كېلىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىش بىلەن بەند. مەن كۆرگەن مىياتاكېنىڭ كوچىلىرى ھەمىشە تىمتاس، ئۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان خوتۇنلارنى، چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەن بالىلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئائىت شارائىت مەيلى مەكتەپ، مەيلى ئائىلە، مەيلى جەمئىيەتتە بولمىسۇن تولۇق. بۇ يەردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىدەك ئىستىلى ئومۇملاشقان. مانا بۇ بالىلارغا بولغان مېھرىبانلىقنىڭ قانۇن ۋە تۈزۈم تەرد-قىسىدە ئىشقا ئېشىشى بولۇپ، ئادىل پۇرسەت ئاتا قىلىش جەمئىيەت مېخانىزمىنىڭ تەبىئىي فۇنكسىيىسى ئىدى. كوئىچى ئىكارى بالىلارغا بولغان مېھرىبانلىقنىڭ كىشىلىك دۇنيادىكى ۋارىيانتىنى بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىن تاپىدۇ. بەلكىم، ئۇنىڭغا كېرەك بولغىنى دەل مۇشۇ

بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز كىشىلىك دۇنياسىدىكى ساددا، خالىس مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرى بىلەن تويۇنغان قانۇنىي كاپالەت ئاستىدىكى بالىلارنىڭ خاتىرجەم ھەم سۈپەتلىك تەربىيىلىنىشىدۇر. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس مېير ئۆزىنىڭ «سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە سانائەت جەمئىيىتىدىكى يىمىرىلىشنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچىدىن، ناخۇش ئادەملەر كۆپىيىدۇ، ئىنسان خاپىلىق ۋە ئەندىشىنىڭ ئىچىدە قالىدۇ، ئادەملەر ھەممىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ۋە خىرىس كۈچىيىپ، جەمئىيەت ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، ھوقۇقلۇق گۇرۇھلار بىلەن بېسىمغا ئۇچرىغۇچى گۇرۇھلار ئۆزئارا ئۇرۇش كەيپىياتىغا كىرىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ باشلىنىشى.

مېيرنىڭ تەسۋىرى كوئىچى ئىكارى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىردەك چىقىدۇ. كوئىچى ئىكارىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان ئۆسمۈر روھىي بىمارلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ روھىي يالغۇزلۇق جاراھىتىنى ياندىن تەسۋىرلەيدۇ، ئۇ بىر بالىنىڭ تىلى ئارقىلىق «ھازىرقى ياپونىيىدە يۈرەك، كۆڭۈل بولمىسىمۇ ياشىغىلى بولىدۇ» دېگەن تېپىك ئىنكاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. توقۇزى تەل جەمئىيەتنىڭ گىراژدانى بولمىش كوئىچى ئىكارى چىن ئىنسانىي ھېسسىياتنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى بىزنىڭ سەھرالىرىمىزدىن تاپقاندەك بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بۇ خىل چىن ئىنسانىي ھېسسىيات بېكىنمە رايون پۇقرالىرىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن خەۋەرسىز قېلىشى تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا يېتىلگەن بىغەملىكىدە ئىپچىلغان نازۇك چېچەك بولۇپ سانىلىدۇ.

كوئىچى ئىكارى ئېرىشكەن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ بىزگە نىسبەتەن مۇنداق قىممىتىمۇ بار: بىز ئۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى تەلىم ـ تەربىيە يوسۇنلىرى ھەققىدە بەزىبىر يىپ ئۇچلىرىغا ئىگە بولىمىز، ئۇ زىيارەت قىلغان ئۇزاق ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ساددا كۆڭۈل ئىزھارى ۋە بايانلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ھايات، ئۆلۈم، تەبىئەت، ئىلاھ، جەمئىيەت، ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ساقىندىسىنى كۆرىمىز. تارىختا كۆيۈپ ۋە چىرىپ يوقالغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ روھى كىشىلەرنىڭ لەۋزىدە مەۋھۇم بىر شەكىلدە ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بوۋاي ـ مومايلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان پارچە ـ پۇرات بايانلار ئەمەلىيەتتە، بۇرۇنقى مەسچىت ۋە مەدرىسىلىرىمىزدىكى ئۆلىما، مۇدەررىسلەرنىڭ سۆزلىگەن تەلىماتلارنىڭ سۇنۇق قالدۇقلىرىدۇر، بۇ تەلىماتلار ئەسلىدە دەستە ـ دەستە كىتاب شەكلىدە ئىدى، كېيىن بىز بۇ كىتابلارنى ھەر خىل سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلاردا يوقىتىپ قويدۇق، ئۇ كىتابلارنى ئوقۇغانلارمۇ دەۋر بورانلىرى تەرىپىدىن توزۇپ كەتتى، ھازىر ئۇنى سۆزلەپ يۈرگەن چاللار ئوقۇيالماي قالغان ياكى چالا ئوقۇغان كىشىلىرىمىزدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي قائىدىلەرنى، قانۇنلارنى، دۇنيا ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى باشقا يەرلەردىن تەرجىمە قىلىپ ئەكىرىۋاتىمىز، بۇ ھەقتە ئۆزىمىزدىكى تەييار نەرسىلەرگە سەل قاراپ، ئۇنتۇپ كېتىۋاتىمىز. تەرجىمە ئارقىلىق ئەكىرىلگەن نەرسىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنى ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشىمايدىغان ئەلپازدا قۇرۇپ چىقىدۇ، نەتىجىدە، بىز ئەجدادلىرىمىزنى تونۇمايدىغان، بەلكى ئىنكار قىلىدىغان، يىلتىزىمىزنىڭ تايىنى يوق، شامال ئۇچۇرغان قامغاقلارغا ئوخشاپ قالىمىز. ئەسلىدە بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى بىلىملىك ئادەملىرىمىز قەدىمكى شەھەرلىرىمىزنى، يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزنى، يايلاقلىرىمىزنى، تاغلىرىمىزنى خۇددى كوئىچى ئىكارى ئەپەندىدەك بىرمۇ بىر ئارىلاپ، ئاددىي كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شەكىلسىز ھالدا چېچىلىپ ياتقان پەلسەپە قاراشلىرىمىزنى مىسقاللاپ يىغىپ، ئۇلارنى ئىلمىي پاياتلاپ،



دەستۇر شەكلىگە كەلتۈرسە بولاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپلىرى تەرجىمە ئاساسىدىكى كونسېپكىنىڭ شەيدالىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئەخلاقىي، قانۇنىي، پەلسەپۋى دەستۇرلىرىمىز ئاددىي خەلقلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە بولۇپ، كوئىچى ئىكارى ئەنە شۇ دەريادىن بىر قانچە ئۇنچىنى سۈزۈپ چىققان، ئەمەلىيەتتە، خەل- قىمىزنىڭ ئائىلە تەربىيە ئۇسۇللىرىدا دەل ئەنە شۇ خىل شەكىلسىز چۈشەنچىلەر رول ئويناپ كەلدى. ئەگەر بىز خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ زامانىۋى مائارىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتساق، بىزدىكى پەرزەنت تەربىيىسى كلاسسىك شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئىستىخىيلەشقان روھىنى ئاساس قىلغان- لىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز. مېنىڭ ئانام چالا ساۋات ئايال بولسىمۇ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ياكى ئەلشىر ناۋاي- نىڭ مەزمۇنلۇق شېئىرلىرىدىن بىر قانچە كۇپلېت ياد- لاپ بېرەلەيتتى. ئانام ماڭا خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۆزى بىلگەن بېيىتلەر ئارقىلىق تەربىيە بېرەتتى. مەھەللىمىزدىكى ئاقساقاللار ئەپلاتۇن، جالالىدىن رۇمى، شەيخ سەئىدى ئەقلىيەلىرى بىلەن ئۆگۈت بېرەتتى، مەن ئەنە شۇ خىل تەربىيە داۋامىدا ئادەم بولۇشنىڭ يوللى- رىنى ۋە ئىنسانىنى قەدىرلەش، ئىنسانىنى سۆيۈشتەك گۈمانىستىك ئەقىدىلەرنى ئۆزلەشتۈردۈم.

كوئىچى ئىكارىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ھەققەتىنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇ بىزدەك تەرجىمىگە، كۆتۈپخانىدىكى كىتابلارغا تايە- نىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بولدى قىلىدىغان ئادەم- لەرگە نىسبەتەن بىر تەنقىد. ئۇ ئۇيغۇر پەرزەنت تەر- بىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتقان- لىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئۆزى زىيارەت قىلغان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەردىنمۇ بايقايدۇ. 100 ياشلىق ئىمىن ئا- خۇن ئاكىدىن سالامەتلىكىنىڭ سىرى ھەققىدە سورال- غاندا، ئۇ ئۆزى ئەمەل قىلىپ، كەلگەن 13 تۈرلۈك ئە- قىدىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بىر قىسمى «قۇرئان» ۋە ھەدىستە، بىر قىسمى ئىبنى سى- نانىڭ تېببىي كىتابلىرىدا ۋە «قابۇسنامە» دە ئۇچراي- دۇ، گەرچە ئۇ بىر ئاددىي كىشىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزى بولسىمۇ، مول ھەم كەڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگىدۇر. «بالىلارنىڭ گۇناھىغا قا- رىتا جازا بېرىش سالاھىيتى ئاتا - ئانىسى، چوڭ ئانا- سى، چوڭ دادىسىدا بولمايدۇ، بۇنداق سالاھىيەت پە- قەت ئاللادىلا بولىدۇ» كوئىچى ئىكارى ئۇيغۇر ئا- تا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ سەۋەنلىكىگە بولغان پوزى- تسىيىسىنى ئەنە شۇنداق يىغىنچاقلايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيتى يېرىم ئەسىر مابەينىدە يېڭىچە بىر تۈزۈمگە مەنسۇپ بولدى، ئۇ دەل كۆلۈك فوزى مەدەنىيەت چەمبىرىدە ياشاپ كەلگەن خەلقنىڭ ئىجاد- يىتى بولمىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم. ماتېرىيالىزم ۋە ئائىلە فورمىسىدىكى كوللېكتىۋىزم ئىسلام مەپكۇرىسى- دىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزگىچە بىر تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىردى، بۇ جەرياندا ھودۇققانلار، قايمۇققانلار، قارشى چىققانلار، قارشى ئالغانلار بولدى، يېڭى تارىخ ئۆزىنىڭ شاللاش جەھەتتىكى شىددىتى بىلەن زامانىغا باقمىغان ئادەملەرنى تارمار قىلدى. يىللار بۇرۇنقى ئەنئەنىلەردىن روشەن دەرىجىدە يىراقلاشقان، يېڭىچە ھاكىمىيەت ئەندىزىسىگە مايىللاشقان ئادەملەرنى ھاكىم قىلدى، يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يېڭى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى شەكىللەندۈردى، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە خاس سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆلچەملەرگە ئىگە ئىدى. كىشىلەر ياشاش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشىشتە ئاڭلىق

ياكى ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ ئۆلچەملەر ئاساسىدا ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى ئىسلاھ قىلدى ياكى ئۆزلىرىنى تەربىيىلىدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى مەدەنىيەت ۋەزىيىتى شەكىللەندۇرگەن يۈزلىنىش بويىچە قىسمەن پارچىلىنىشقا باشلىدى. ياشلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن يىراق شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرىپ، ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى. بىر جەنۇبلۇق يىگىت شىماللىق بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلدى، نەتىجىدە، جەمەت ھالقىلىرى بۇرۇنقى مۇستەھكەم ھالەتتىن تەدرىجىي بوشاشقا باشلىدى. خوتەننىڭ يىراق بىر يېزىسىدىن چىققان بىر ياش ئۈرۈمچىدەك بىر ئاۋات شەھەرنىڭ شالغۇت مۇھىتىدا ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئۇيغۇن دۇنيا قاراشتا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى جەمەت ۋە يۇرت سالاھىيىتى سۇسلاشقا باشلىدى. دېمەك، ياشلار پۇرسەت ئىزدەپ يېڭى بەرپا بولغان يېپيېڭى گۈللەنگەن شەھەرلەرگە قاراپ ئاقىدىغان بولدى. ئاخىرى چوڭ جەمەت چەمبىرىكىدىن ئاجراپ چىققان كىچىك ئائىلىلەر شەھەرلەردە كۆپەيدى. بۇ كىچىك ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ چوڭ جەمەتلىرى بىلەن يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم ياكى بىرقانچە يىلدا بىر قېتىم ئالاقە قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، ئۇلار ساپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن نىسپىي مەنىدە يىراقلاشتى. زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى، ئىش تەقسىمات تەلەپلىرى كىچىك بازارلاردىكى ئۇيغۇرلار، ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشكەن كادىرلارنى ھۆكۈمەت نىزاملىرىغا مايىل ھالدا پۇرسەت ئىزدەيدىغان قىلدى. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. شەھەرلەشكەن ئۇيغۇر كىچىك ئائىلىلىرى پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى ئىچىدە تاپقان بىر ياكى ئىككى بالىسىنى ئۆزى مۇستەقىل تەربىيىلىمەي، كۆپ مىللەتلىك باللار باغچىسىغا بېرىشىدىغان بولدى. چۈنكى، ياش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەر ئىككىسى خىزمەتتە. ئانىلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا تەربىيىلىشىدەك ئەنئەنە بىر تەرەپتىن تۈزۈلمىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ياش ئاتا ـ ئانىلار ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنى يوق ھېسابتا چۈشىنىدىغان بولدى، چۈنكى، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەنئەنىنى بىلىشنىڭ مائاش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، كوئىچى ئىكارىنى مەپتۇن قىلغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ بىر تەقدىردە دەرقەمتە ياشىشى، قويۇق قېرىنداشلىق مۇھىتىدىكى باللارنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەتكە قېنىپ چوڭ بولۇشى خىرەلىشىۋاتقان كەچكى شەپەقتەك بىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، كوئىچى ئىكارىنى ۋە بىزنى شەيدا قىلىدىغان مېھرى ئىسسىق ئائىلىلەر يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا يەنىلا كۆپ تېپىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق ھالەتنىڭ قاچانغىچە تۇرۇشىغا بىر نېمە دېمەك تەس. بىر تەرەپتىن بىز ئاشۇنداق ئىللىقلىقنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىنى خالايمىز، تەبىئىيكى بۇ سۆيەت سەكرىشىگە ئىگە مەۋجۇتلۇق. يەنە بىر تەرەپتىن بىز يېزىدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىمسىزلىك جاڭگىلىدىن چىقىپ، دۇنيادىكى خىلمۇخىل مەدەنىيەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ زىددىيەتنى ئۇنتۇماي ھەل قىلىشتا ئاكتىۋال مۇتەپەككۇرلۇق كېرەك بولىدۇ.

دەۋرنىڭ ئۇشتۇمتۇت رىقابەتلىرىگە ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان خەلق ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىيالماي ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىدۇ. يەر شارىلىشىش دولقۇنى ئالدىدا بۇنداق خەلقنىڭ نېمە ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە راھەتلىك تۇيۇلمىسا كېرەك. ئىككى يىل بۇرۇن سۇغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىمەن، دەپ ئۆزىنىڭ باللىرىغا چاشقان دورىسى بېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان دېھقانلار ئۇيغۇرلاردىنمۇ چىقتى. بۇ خىل ئەمەلىيەت كوئىچى ئىكارىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رېئال تەسۋىرگە نىسبەتەن قاپقارا بىر قىستۇرما. بۇ قىستۇرمىدا نۇرغۇن خەۋپلىك كېسەللىكلەرنىڭ بېشارەتلىرى بار.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

MIRAS

# كېرىيەدىكى ئاجايىپ مەخلۇقات ۋە غارايىب مەۋجۇداتلار





## پاقىلىق ساي

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان تاغلىق رايونىدا «پاقىلىق ساي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، بۇ يەردىكى پاقىلار ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكى ۋە چوڭلۇقى بىلەن مەشھۇر.

بۇ سايدا ھەددى ــ ھېسابسىز پاقىلار بىرلىكتە ياشايدىغان بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرى قوينىڭ كاللىسىدەك، ئەڭ كىچىكلىرى تىرناقچىلىك كېلىدۇ. بۇ جايدىن يەنە ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى چوڭلۇقىدىكى پاقىلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى ئۇچرايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ پاقىلارنىڭ مۇشۇ يەردە بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى ئۆچكىدەك كېلەرمىش (لېكىن ھازىرغىچە بۇنى كۆرگەن ئادەم يوق). مويسىپىتلارنىڭ دەلىللىشىچە 50 ــ ، 60 ــ يىللاردا بۇ يەردە ھەقىقەتەن چوڭ پاقىلار بولۇپ، قوينىڭ قوزىسى چوڭلۇقىدىكى پاقىلار شۇ يەرگە ئوتلىغىلى كەلگەن كالىلارنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىۋالىدىكەن. كالىلار ئۈچ ــ تۆت كىلومېتىر چاپچىپ سەكرەپ يىراقلارغا بارغاندا چۈشۈۋالىدىكەن. بۇ ــ پاقىلارنىڭ ئورۇن يۆتكەشتىكى بىر چارىسى بولۇپ، تاغدىكى پېشقەدەملەر بۇنى «پاقىلار كالا مىنىپ

ئوغلاق ئويناىدۇ» دېيىشىدۇ. ھازىرمۇ ھەر يىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا كېرىيىنىڭ «داۋزايار»، «سېسىق ئىلەك»، «يار بۇلاق» قاتارلىق چوڭ سازلىقلىرىدا سان ـ ساناقسىز پاقىلار 315 ـ نومۇرلۇق دۆلەت مۇداپىئە تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تاغ تەرەپكە يۆتكىلىدۇ، مىغىلدىشىپ كەتكەن پاقىلارنىڭ يولنى كېسىپ ئۆتكىنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پۈتۈن پاقىلارنىڭ پادىشاھى تاغدىكى «پاقىلىق ساي»دا بولۇپ، ھەر يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى پاقىلار شۇ يەرگە «تاۋاپ»قا چىقارمىش.

**«تىلسىماتتىكى» مۇئەككەل پاقا**

كېرىيە تاغلىرىنىڭ «پولۇ» دېگەن يېرىدە سۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاقتا قوچقارنىڭ كاللىسىدەك بىر پاقا گىردىدەك ئالتۇننى بېسىپ ياتىدىكەن. بۇ پاقا ئاشۇ ئالتۇنغا مۇئەككەل بولۇپ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالتۇننى ھېچ كىشىگە تارتقۇزۇپ قويىماي ساقلاپ كەلگەنىكەن.



كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قەدىمكى ئۇلۇغلار تەرىپىدىن بەند قىلىنغان بىر تىلسىمات بولۇپ، تىلسىماتتىكى ئالتۇننىڭ ئىگىسى بار ئىمىش، قاچانكى ئالتۇننىڭ ئىگىسى تۇغۇلۇپ مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ قالغاندا ھېلىقى پاقا ئالتۇننى ئۆزى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويارمىش.

كۆرگۈچىلەرنىڭ قەيت قىلىشىچە، پەقەت يىراقتىنلا بۇ پاقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، يېقىنلاشسا خىرىس قىلىدىكەن. 90 ـ يىللاردا كېرىيىلىك بىر يىگىت گاز مىلتىقى بىلەن ھەيۋە قىلىپ ئالتۇننى ئېلىش ئۈچۈن بۇلاققا يېقىنلاشقان، ھېلىقى يىگىت مىلتىقنى تەڭلىگەندە ئۇشتۇمتۇت سۇيىدۇكى قىستاپ قىپقىزىل قان سىيگەن ۋە ھوشىدىن كەتكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇنداق ئىشلار ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم سادىر بولۇپ كىشىلەر ئالتۇننى ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولغان.

**غايەت زور قۇم تاغ «بۇغراقۇم»**

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدا «بۇغراقۇم» دېيىلىدىغان بىر قۇم تاغ بولۇپ، بۇ قۇم تاغ بىرلا چوققىدىن تەركىب تاپقان، يەردىن قارىسا قۇمتاغنىڭ ئۈچى ئۈچلۈق كۆرۈنىدۇ. ئەمما چىقىپ قارىسا ئۈستىدە چوڭ بىر ئويمانلىق بولۇپ، شۇ يەردە بىر دانە قەبرە بار. قەبرىنىڭ ئۈستىگە كونا بىر ياغاچ سالاسۇن قويۇلغان ۋە تۇغ ـ شەددىلەر ئېسىلغان بولۇپ، يەرلىك خەلق بۇ قەبرىنى «بۇغراقۇم پادىشاھىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ قۇم تاغ چۆلدە بولماستىن، بەلكى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئەتراپى دەرەخزارلىق بولۇپ، كۆزىتىشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قۇم تاغ يىلدىن ـ يىلغا ئېگىزلەۋېتىپتۇ.

كونىلار «بۇ قەبرىدە بۇغراخان پادىشاھىم» دەيدىغان بىر زات ياتىدۇ. قەبرىگە قالايمىقان چىقسا ۋە قەبرىگە چېقىلسا تەقسىرات كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تopyلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق تولۇق كۇرس مۇزىكا سىنىپى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراننىڭ ئۆگۈتلەر

سەمەرقەند شەھرىدە «مىلك تۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار بولۇپ، ئۇ يەردە بىر بوۋاي بولغانىكەن. قې- رىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بۇ بوۋاينىڭ پەرزەنتى يوق ئى- كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرگە ئامالى يوق، ئاخىر، «مەندىن مىراس بولۇپ قالسۇن» دەپ، تۇت كۆچىتى (ئۈجمە ـ شاتۇت تىپىدىكى مېۋىلىك دەرەخ) تىكىپ چوڭ بىر باغنى ئەھياغا كەلتۈرۈپتۇ. ئەمما بۇ بوۋاينىڭ بېغىغا كۆزى چۈشكەن قىشلاقنىڭ بايلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ، ئەمىر تۆمۈرگە گەپ يەت- كۈزۈپتۇ. باينىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ قالغان ئەمىر تۆمۈر بۇ بوۋاينى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىبىخانىم باغى دىلكۇشادا دەم ئېلىۋاتقان ساھىبقىراننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

—دەۋلەتپاناھ، باغۋەن چالنىڭ قېنىدىن كېچىشىڭىز- نى سوراپ كەلدىم،—دەپتۇ.

—نېمە ئۈچۈن؟—دەپ سوراپتۇ ئەمىر تۆمۈر. ئۇ سۆيۈملۈك خاتۇنىنىڭ ھېچبىر سۆزىنىڭ بىكار ئېيتىلماي- دىغانلىقىغا كۆنۈك بولغاچقا، مەلىكىنىڭ ئۆتۈنۈشـىـنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بوپتۇ.

—باغۋەن چالنىڭ مىلك پەرزەنتى بار ئىكەن. ئەگەر سىز ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىڭىز، ئۇ بىگۇناھلارنىڭ نابۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىسىز،—دەپ جاۋاب بې- رىپتۇ مەلىكە. ئەمىر تۆمۈر ھەيران بولۇپتۇ. ئۇ تېخى بۇ دۇنيادا مىلك پەرزەنت كۆرگەن ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ



باقمىغانىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ بىبىخانىمغا «ئويلاپ بېقىپ گەپ قىلىۋاتامسىز مەلىكە» دېگەندەك ئىستىهزالىق نەزەرى بىلەن قاراپ قاپتۇ. بۇنى سەزگەن مەلىكە ساهىبقرانغا تەزىم قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

—ئەگەر دەۋلەتپاناھ خاھلىسا، مەن ئۇ پەرزەنتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە كۆرستەي.

ئەمىر تۆمۈر ئۆزىنى هەيران قالدۇرۇۋاتقان تېپىشماقنىڭ سىرىنى تېزرەك بىلىش مەقسىتىدە تەختىراۋانىنىمۇ كۆتۈپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ چىپار ئېتىغا مىنىپتۇ. ئاق ئاتقا مىنگەن بىبىخانىم يول باشلاپتۇ. ئۇلار باغۋەن چال ياشىغان قىشلاققا يېتىپ كەپتۇ. بىبىخانىم قىشلاقنىڭ چېتىدە ياشناپ تۇرغان تۇتزارنى كۆرستىپتۇ.

—مانا، مەن دېگەن باغۋەن چالنىڭ پەرزەنتلىرى، مىڭ تۈپ تۇتنىڭ هەر بىرى چالنىڭ ئۆز پەرزەنتىدەك بولۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۇنى ئۆلۈمگە قويسىڭىز، بۇ پەرزەنتلەرمۇ تەڭ نابۇت بولۇشىدۇ.

ئەمىر تۆمۈر سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ پاراستى ۋە ئاقىلانىلىكىگە يەنە بىر قېتىم تەهسىن ئېيتىپتۇ ۋە نەۋكەرلىرىنىڭ بىرىنى سەمەرقەندكە ماڭدۇرۇپ، باغۋەننى زىندانىدىن ئازاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىشلىقىغا قايتۇرۇلۇشىنى بۇيرۇپتۇ.

بۇ دۇنيادا ئەڭ سائادەتلىك ئەمەللەرنىڭ بىرى كۆچەت تىكىشتۇر. ئىچى قارا ئادەم دەرەخ تىكمەيدۇ. دەرەخ تىككەن ئادەم ئۇنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇغۇلغان ۋە تۇغۇلماقچى بولغان پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى ئۈچۈن تىكىدۇ. تارىخ بولسا ئەجدادلارنىڭ باغىدۇر. بىز ئاشۇ باغۋەنچان، ئەقىللىق مەلىكە ۋە جەهانگىرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى نى-نى قەددىمي باغلارنى، نى-نى ئىلىم-مەرىپەت چىمەنلىرىنى پەيخان قىلدۇق. ئەجدادلار تىككەن دەرەخلەرنىڭ

يىلتىزلىرىغا پالتا چاپتۇق. بۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى بىلىشىمىزچە يۈرەكلىرىمىز ئەجدادلارنىڭ كەچمىشى ۋە ئۇلاردىن مىراس قالغان مۇقەددەس ئۆگۈتلەردىن ئۈزۈلگەنلىكى نەتىجىسىدە سادىر بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. بىزمۇ دەرەخلىرىمىز، يىلتىزلىرىمىز بولسا ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەچمىشىدە، يىلتىزلىرىمىز چوڭقۇر ۋە قۇۋۋەتلىك بولسا دۇنيا غالىب ۋە يېڭىلمەس قۇدرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگىن، دوستۇم...

**ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراندىن ئۆگۈتلەر**

ئەمىر تۆمۈر يۈرىكىدە ئۆز ئوغلىنى قانچىلىك ياخشى كۆرسىمۇ، خالىغانچە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلەتمىگەن، چۈنكى ئۇ، ئەركىلىتىش بالىنىڭ دىلىنى بۇزىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ ئاقىۋەتنىڭ ئىنكارى بولغان خىيانەتنى يامان كۆرەتتى. ئۇ قورقۇنچاقلىقنى كەچۈرسە كەچۈرەتتىكى، ئەمما خىيانەتكە رەھىم قىلىشنى ئويلىمايتتى. ھەتتا مۇنداق قىلمىشلارنى گۇناھ، دەپ بىلەتتى. ئەگەر ئەمىر تۆمۈر دۇنيانىڭ ئەڭ باي ئۆلكىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغان بولسا، بۇ شەرەپكە ئۇ شۇ باتۇرلۇقى ۋە ئاقىۋەتدارلىقى، خىيانەتكە يول قويمىغانلىقى بىلەن ئېرىشتى.

ئەمىر تۆمۈر ئوغلىدا ئۈچ خىسلەتنىڭ مۇجەسسەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانپەرۋەرلىك، ئاندىن تېجەمكارلىق ۋە نىھايەت ئېغىر ـ بېسىقلىق، ئىنسانپەرۋەر ئادەم يۈرەكلىك، تەلەپچان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. تېجەمكار بولغان ئادەملا سېخىي بولۇشى مۇمكىن. ئېغىر ـ بېسىق ئادەملا ھۆكۈمدار بولالىشى مۇمكىن. ئەگەر كىمكى جەسۇر بولۇپ، ئىنسانپەرۋەر بولمىسا، تېجەمكار بولمىسىمۇ سېخىيلىق قىلسا، دانا بولۇپ ئېغىر ـ بېسىقلىق قىلمىسا، ئۇنداق ئادەم ئۆزى باش بولغان ئىشنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

كىمكى دۈشمىنى بىلەن ئېلىشقاندىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۇنتۇمىسا، ئۇ ئەلۋەتتە غالىب چىقىدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىكى ئۇنىڭغا پاناھ بولىدۇ. ئۇ ئوغلىغا «مەملىكەت ئادالەت بىلەن، ئۇرۇش بولسا باتۇرلۇق ۋە ئەييارلىق بىلەن باشقۇرۇلىدۇ، مەملىكەتتە تەقىب قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئاۋاملار شۇنچە قاششاقلىشىدۇ. ئەركىنلىك ۋە ئادالەت بولسا ئاۋامغىدۇر، مەملىكەتنىڭ مەنىسى باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشتۇر. قانۇن ۋە بۇيرۇقلار قانچىلىك كۆپەيسە، ئادالەتسىزلىك، ئوغرىلىق ۋە بىۋاشلىق شۇنچىلىك كۆپىيىشى مۇمكىن...» دەپ ئۇقتۇراتتى. «ئوغلۇم! ـ دەپ ئېيتاتتى رەھمەتلىك ئاتىسى ئۇنىڭغا، ـ ئۇزاقنى كۆرەلمىگەن ھۆكۈمدار يېقىندىكى بالالارغا گىرىپتار بولىدۇ. ئەمما يېقىننى كۆرۈپ ئىش تۇتقان ھۆكۈمدار ھەم خاتا يولدىدۇر.» ئەمىر تۆمۈر ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئوغلىغا ئېيتىپ بېرەتتى ۋە بۇنى تۆۋەندىكىلەرگە ئۇقتۇرغانىدى. «پادىشاھلارنىڭ خۇلقى مىسلى بىر شامال، ئاۋامنىڭكى بولسا مايسىدۇر. شامال قايسى تەرەپكە ئەگسە مايسىمۇ شۇ تەرەپكە ئېگىلىدۇ. ئەمما پادىشاھ ھېچقاچان ئۆز قۇدرىتىنىڭ ئاساسى مانا شۇ ئاۋام ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.»

«جاھان سەندىن يۈز ئۆرىمەستىن بۇرۇن، سەن جاھاندىن كۆڭۈل ئۈزۈشنى بىلگىن»

(ئەمىر تۆمۈر مەقبەرىسىگە پۈتۈلگەن پۈتۈك)

«دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا قان تۆكۈرمە.»

(ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆزى ئەمەل قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا تەربىيەت قىلىدىغان ئىبرەت سۆزى)

ئەمىر تۆمۈر قەيەرگە يۈرۈش قىلمىسۇن خوتۇنلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن كۆزلىگەن بىرىنچى مۇرادى نەۋرىلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا، ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك يوللاردا چېنىقتۇرۇش بولسا، ئىككىنچى مۇرادى نەۋرىلەر ئۆز ئانىلىرىنىڭ قول ئاستىدا تەربىيىلەنسە ئەركە ۋە تەنتەك بولۇپ چوڭ بولىدۇ، دېگەن پىكىردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنى ئانىلىرىنىڭ ئارتۇقچە مېھىر ـ مۇھەببەتلىرىدىن ئاسراش ئىدى. ھەسەل ئارتۇق بولۇپ كەتسە زەرەر، مۇۋاپىق بولسا پايدىلىق بولۇشنى ئۆتمۈشنىڭ بىلىمدانلىرى كۆپ قېتىم نەقىل قىلىشقان. «مېنىڭ پەرزەنتلىرىم ئەركە بولماسلىقى كېرەك! ــ دېدى ئەمىر تۆمۈر، ــ ئۇلار

ئەركىلەيدىغان يەر جەڭگاھ ۋە مەيدانلار بولسۇن، ئارغىماق بىلەن قىلىچ ئۇلارنىڭ جانىجان دوستى، جەڭگى-جېدەل ۋە يۈرۈش—ئۇلارنىڭ ئۇستازىدۇر.»

«باللار باللىقىدىن باشلاپ بۇرادەرلىكنى بىلىپ ئۆلغايسۇن. بىر-بىرىگە يات بولۇشۇپ قالمىسۇن. ھەر ئىككىسىنى تەڭ كۆرۈڭ، بىرىگە ئارتۇقچە ئېيتقان بىر سۆزىڭىز، ئەتىسى ئارىلىرىغا سوغۇقچىلىق سالمىسۇن. شۇنداق تەربىيە بېرىڭكى، ئۇلار سۆزلىرىڭىزنى قۇلاقلىرى بىلەن ئەمەس، يۈرەكلىرى بىلەن قوبۇل قىلسۇن. (سارايمۈلك خانىمغا سۆھبەت)

«ئۇۋۇنىڭ قاپقانىغا ئۆزى كېلىپ چۈشكىنى ياخشى، ئۇنى ئىزدەپ يۈرسەڭ، ئۇۋلاش پۇرسىتى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. قېرى توخۇ قارىچىغىدىن قورقمايدۇ. ئەگەر چېكەتكىدە قىزىل قانات ئۆسسە، ئۇ ھەر قەدەمدە ئۆزىنى قارىغىدىن ھىمايە قىلىدۇ.» (بايەزىد بىلەن ئۇرۇشقا چۈشۈشنىڭ ئالدىدا ئەمىرلەرگە تەربىيە)

**ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۇلۇغبېك ۋە ئۇنىڭ ئۇستازىغا بەرگەن تەنبىھلىرى**

ھەزرىتى مۇھەممەد تەراغاي باھادىر ئالەمدىن كۆز يۇمغان چېغىدا، تۆمۈر ئەمدى 17 ياشقا تولغانىدى. مۇھەممەد تاراغاي ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئوغلىنى يېنىغا كەلتۈردى. ئوغلى ئاتىسىنىڭ يېنىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ بولغاندا، ئۇ خاتىرجەم بولۇپ سۆزىنى باشلىدى:

—ئوغلۇم، كېتەر ۋاقتىم توشقان ئوخشايدۇ. ساڭا ئېيتىدىغان ئۆگۈتلىرىم بار. مەن ئېيتاي، سەن ئەقلىڭگە جايلا. ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىڭ بىلەن ھەقنى قوللاپ-قۇۋۋەتلە، تەلىيىڭدە پۈتۈلگەن بولسا ھۆكۈمران بولۇرسەن، ئەمما كىم بولمىغىن. ھېچكىمگە ھەقسىزلىق قىلما، ھېچكىمگە سەۋەبسىز رەنجى-ئازار قىلما. بىراۋنىڭ ھەققىگە ھىيلە ياكى زورلۇق بىلەن خىيانەت قىلما. توغرىلىق تونىنى كىيگىن. ھېچبىر بەندىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھەپىسدە تۇتما. پېقىرلار ۋە ئاجىزلارغا ھەرقانداق شارائىتتا مۇرۇۋۋەت كۆرسەت. قول ئاستىڭدىكىلەرنىڭ قەلبى ۋە كۆڭلىدىن پەقەت ياخشىلىق بىلەن ئورۇن ئال. ئەگەر ئىش-ئەمەللىرىڭ بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولسا، قۇۋۋەتسىز قالۇرسەن ۋە ئۇنتۇلارسەن. ئاخىرقى ۋە ناھايىتى مۇھىم بىر ۋە سىيىتىم شۇكى، بىزنىڭ جان-ئەجدادىمىز ئەبۇ تۈركدۇر. قەلبى پۈتۈن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-يىلتىزىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ!

ئەمىر تۆمۈرنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى مۇھەممەد تەراغاي (ئۇلۇغبېك)كە ئاتىغان ئۆگۈتلىرى: سەلتەنىتىڭنى ئادالەت بىلەن مۇستەھكەملە، پەقەت ئادالەتلا ئۇنى يېمىلمەس قەلئەگە ئايلاندۇرالايدۇ. بىر كىشىگە نىسبەتەن ئانچە قەھرىلەنمە. يۈرىكىڭدە ئۇنى ئەپۇ قىلىش ئىستىكى بولمىسا، سەن پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ئاددىي جاللاتقا ئوخشاپ قالىسەن. پادىشاھلارنىڭ ئىشى ئۆلتۈرۈش ياكى جازالاشتىن كۆرە ئەپۇ قىلماقتۇر. ئۆز نەپسىنى تىزگىنلىگەن ئادەم كۈچلۈك ئادەم بولالايدۇ. ھاكىمىيەت ئۆزى ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنى تېزرەك قولغا ئېلىپ ئىشقا سالغۇڭ كېلىدۇ. لېكىن قولغا ئېلىشىڭ بىلەن ئۇنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىشلىتىشنى ئويلاشقا باشلايسەن. دىلىڭنى ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇت. ھېچقاچان ئىختىيارىڭنى تىلى ياغلىمىلىق، ئىككى يۈزلىمىلەرگە بېغىشلىما. ئەتراپىڭغا تەخسىكەشلەرنى توپلىما، ئۇلار سېنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ سېنى كۆتۈرىدۇ. ئۆز ئىختىيارىنى شۇنداق كىشىلەرگە بېرىپ قويغان ھۆكۈمدارغا ساداقەتلىك ئىنسانلار يېقىنلاشمايدۇ. ئۇلار ئۇنداق پەسكەش، ئىككى يۈزلىمىلەر بىلەن بىر دائىرىدە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىدۇ. ماختاشلارغا مەھلىيا بولما. (بىراق، ماختاشلار پادىشاھلارغا سايىدەك يېقىن يۈرىدۇ) بۇگۈنكى بۇ ماختاشلار ئەتە ئېغىر لەنەتلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بىزدىن بۇرۇنمۇ ئۇلۇغ پادىشاھلار ئۆتكەن، سەندىن كېيىنمۇ بۈيۈك ھۆكۈمدارلار كېلىدۇ، شۇ ئاساستا ئىش تۇتقايسەن ۋە ئۆتكەنلەرنىڭ خاتاسىنى تەكرارلىما. كەلگۈسىگە ئىبرەت بول، دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ

ياخشى نەرسە ھەم باتۇر، ھەم تىرىشچان، غەيرەتلىك ھەم گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ نام قالدۇرۇش. ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر يامان نەرسە پەسكەشلىك ۋە خائىنلىق بىلەن نام قالدۇرۇش.

(ئىزاھ: ئۇلۇغبېكنىڭ قۇتىدە چاقىرىلغان ئىسمى مۇھەممەد تەراغاي ئىدى. ساھىبقىران ئۆزىنىڭ دادىسىغا بولغان ساداقىتى يۈزىسىدىن بۇ سائادەتلىك مېھمانغا «نەۋرىسىگە» دادىسىنىڭ ئىسمىنى شەرەپ قىلغانىدى. ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئۇلۇغبېككە ئۇ قەدەر مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇشىدا «ئەمەلىيەتتە» كېيىن ئۆزلىشىپ قالغان «ئۇلۇغبېك» ئىسمىنىمۇ ئەمىر تۆمۈر ئۆز ۋاقتىدا ئەركىلەتمە ئىسىم قىلىپ ئۆزى ئاتاپ بەرگەنىدى). مۇنداق بىر ھېكمەت بار ئىدى، يەنى 1394 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ساھىبقىراننىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر شېيخ مىرزا جەڭ مەيدانىدا دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ شىكەستلىنىپ قازا قىلدى. دەل شۇ كۈنى سۇلتانىيىدە بىر بوۋاق—مىرزا ئۇلۇغبېك دۇنياغا كەلدى. خۇداھتەئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ كارامىتى ھەسرەتتە تۇرغان پادىشاھنى ئېغىر دەردتىن چىقاردى. ساھىبقىران كۆكسىگە قول قويۇپ، خۇداۋەندى كەرىمنىڭ بۇ رەھمىتىگە مىڭلارچە مەمنۇنلۇق بىلەن شۈكۈرلەر ئېيتىپ: «ياپەرۋەردىگارا، بىر قولۇڭدا بىر جېنىمنى ئېلىپ كېتىپ، بىر قولۇڭدا يەنە بىر جاننى بەردىڭ» دېگەنىدى.

ئەمىرساھىبقىراننىڭ جان قۇشى سەيرى ئالەمگە ئۇچۇشتىن ئىلگىرى ئەركان ۋە ئەھلىلىرىگە قىلغان سۆزلىرى.

«تەڭرى تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن مەمۇرەئى ئالەمنى شۇنداق تۇتتۇمكى، بۈگۈن تامام ئىران ۋە تۇراندا بىرەر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ياكى جەبرۇ زۇلۇم قولىنى بىچارىلەرگە ئازار بېرىش ئۈچۈن كۆتۈرۈشلىرىگە ماجالى يوقتۇر. گۇناھىم قانچە كۆپ بولسىمۇ كەچۈرۈڭلار، دەپ تەڭرى تەئالانىڭ مۈلكىنى بىقىياس سېخىيلىك بىلەن قۇرۇقلىدىم. زالىملارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولىنى مەزلۇملارنىڭ ئېتىكىدىن يۇلۇپ تاشلىدىم. سەلتەنەت قۇرۇپ ئولتۇرغىنىمدا ئاڭلىمىغان ياكى ماڭا خەۋەر قىلمىغان ياكى دۇنيا سابىت بولمىغان ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتتا زوراۋاننىڭ زەئىپلەر ئۈستىدىن زوراۋانلىق قىلىشىغا يول قويمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلمىدى، بىلىڭلاركى، سىلەرگىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ. لېكىن جەبرۇ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈش مەملىكەتنى خەۋپ ۋە غوۋغا ئاستىدا قالدۇرىدۇ. جۇملە خالايىقنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى بۇزىدۇ. مەسلەك ۋە شەرىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇنى بىزدىن سورايدۇ (سۈرۈشتۈرىدۇ). ئوغۇللىرىم، بىلىڭلاركى، ئالەم بۇزۇلمىسۇن، يۇرت پارچىلانمىسۇن... مىللەتنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى، سائادىتىنى ساقلاش ئۈچۈن سىلەرگە قالدۇرۇلغان ۋەسىيەت ۋە تۈزۈكلەرنى ياخشى ئوقۇڭلار، تەتبىق ئېتىڭلار، مىللەتنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇش سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلاردۇر. ئاجىزلارنى قوغداڭلار، يوقسۇللارنى بايلارنىڭ زۇلمىغا تاشلىماڭلار. ئادالەت ۋە ئازادلىق دەستۇرۇڭلار، رەھبىرىڭلار بولسۇن، مەن كەبى سەلتەنەت سۈرۈشنى ئويلىساڭلار قىلىچىڭلارنى ياخشى ئويلاڭلار. ئاراڭلاردا ئاداۋەت تۇخۇملىرى تۇغۇلۇپ قالمىسۇن. مەندىن كېيىن بەزى يېقىنلىرىڭلار ۋە دۈشمەنلىرىڭلار ئاداۋەت تۇخۇملىرىنى چېچىشقا كىرىشىدۇ. بۇ چاغدا تۈزۈكلىرىم، ئۆگۈتلىرىم سىلەرگە ئەسقاتقاي. دىلىڭلار بىلەن سادىق قالساڭلار بېشىڭلارغا تاش چۈشمەس. ئەي شاھەملىك! ئەي نۇردىدىن!... سىلەر خىرۋەرلىك بولۇڭلار، مۇبادا شەنىمىزگە خىلاپ ئىشلار يۈز بەرسە يول قويماڭلار، قىلىچ بىلەن ئىش تۇتۇڭلار، ۋەسىيىتىمنى بۇزغان مەيلى كىم بولسۇن، ئوغلۇممۇ، نەۋرەممۇ، جازالاڭلار! ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار ھەممىڭلارنى نەس باسىدۇ...»

خۇرشىد دەۋراننىڭ ئۆزبېكچە «ساھىبقىران نەۋرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# بارىكاللا بىلەن شاباش

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر ـ ئەمىرلەرنى يىغىپ، بىر نەچچە كۈن ئوردا كېڭەش قىپتۇ. يىغىندىن زېرىككەن شاھ ۋەزىرىگە:

—ئەي ۋەزىر، بىر نەغمىچى تېپىپ كەلسىڭىز، كۆڭۈل ئاچساق—دەپتۇ.

ۋەزىر نەغمىچى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ شەھەردىكى سىدىق ئىسىملىك بىر نەغمىچى كۆڭلىنى خۇش قىلىپ كېلىش ئۈچۈن قوينىغا داپنى سېلىپ، قولتۇقىغا تەمبۇرنى قىستۇرۇپ كوچىغا چىققانىكەن، ۋەزىر شەھەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ھېلىقى تەمبۇرچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، شاھ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ، شاھ نەغمىچىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ياخشى تائاملار بىلەن مېھمان قىلىپ، نەغمە قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

نەغمىچى تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ مۇقام مەرغۇللىرىدىن باشلاپ چېلىپتۇ، بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ، بىر نەغمە ئاياغلاشقاندىن كېيىن:

—بارىكاللا..—دەپ توۋلاپتۇ.

نەغمىچى بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچىنى چىگىپ قويۇپ، تەمبۇرنى يەنە قولىغا ئېلىپ نەغمە قىلىشقا باشلاپتۇ. نەغمىگە قىزىقىپ كەتكەن شاھ كۆلگىنىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قاپتۇ ۋە ئىككى تىزىغا شاپىلاقلىغىنىچە:

—شاباش ① ...—دەپ توۋلاپتۇ.

نەغمىچى بەلۋېغىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى چىگىپ قويۇپ، نەغمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەر بىر نەغمە ئاخىرلاشقاندا شاھ تىزىغا ئۇرۇپ «بارىكاللا...، شاباش...» دەپ توۋلاۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نەغمىچى شاھ ئوردد-

①شاباش ـ ھەشقاللا دېگەن مەنىدە.

uyghurkitap.com



سىدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى نەغمىچى پادىشاھقا:

—شاھ ئالىيلىرى، مەن ئۆيدىن ئايرىلغىلى ئۈچ ئاي بوپتۇ، خوتۇن ـ باللىرىمنى يوقلاپ كەلسەم،—دەپتۇ.

—تېزرەك كېلىپ، بىزگە يەنە نەغمە قىلىپ بەر،—دەپتۇ شاھ ۋە ئۇنىڭ قول ۋەزىرىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

نەغمىچى: «شاھ ماڭا ئاز ـ تولا پۇل ئىنئام قىلارمەكىن» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ 40 دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ بوپتۇ. ۋەزىر ئۇنى دەرۋازا تۈۋىدىلا ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. نەغمىچى يولدا ماڭغاچ ھېلى بىرەرى چاقىرىپ قالارمىكىن دېگەندەك كەينىگە قاراپ ـ قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ ئارىدا شەھەر دوقمۇشىدىكى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. نەغمىچىنى كۆرگەن ئاشپەز:

—كېلىڭە، كېلىڭە... ئاشخانىمىزدا پولۇ پىشتى، لەڭمەن پىشتى، مانتا، گۆش پىشتى... ياخشى، يەپ كېتىڭ،—دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن نەغمىچى يانچۇقىدا پۇلى بولمىسىمۇ، دەرھال ئاشخانىغا كىرىپتۇ.

—نېمە تاماق يەيسىز؟—دەپ سوراپتۇ ئاشپەز.

—مانتا بىلەن گۆش بېسىلغان پولۇدىن بىر لىگەن ئەكىلىڭ،—دەپتۇ نەغمىچى

نەغمىچىنىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈرۈلۈپتۇ. نەغمىچى بىردەمدىلا تائامنى يەپ تۈگىتىپتۇ ـ دە، ئاشپەزنى چاقىرىپ:

—پولۇنى ئۆزىڭىز ئەتتىڭىزمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—ھەئە، ئۆزۈم ئەتكەن،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاشپەز.

—بەكمۇ ئوخشاپتۇ، بارىكاللا! مانتا بىلەن گۆشنىمۇ ئۆزىڭىز پىشۇردىڭىزمۇ؟—دەپ سوراپتۇ نەغمىچى.

—ئۆزۈم پىشۇرغان،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاشپەز.

—شاباباش!—نەغمىچى شۇنداق دېگىنىچە داپ بىلەن تەمبۇرنى ئېلىپ سىرتقا مېڭىپتۇ.

—تاماقنىڭ پۇلىنى بەرمىدىڭىزغۇ؟—دەپتۇ ئاشپەز.

بۇنى ئاڭلىغان نەغمىچى بوش كەلمەستىن:

—ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بېرىمەن؟ بارىكاللا بىلەن شاباباشنى بەردىمغۇ،—دەپتۇ.

ئاشپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

—مېنىڭ ئۇنداق قۇرۇق گەپكە ساتىدىغان تامقىم يوق،—دەپ نەغمىچىنىڭ بېلىكىدىن ئاپتۇ. نەغمىچىمۇ چاققانلىق بىلەن ئاشپەزنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

—بارىكاللا بىلەن شاباباشنى پادىشاھ ماڭا بەرسە، مەن ئالمىدىم، سەن ئالماتتىڭ، ماڭ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز،—دەپتۇ.

ئۇلار ماڭ دېيىشە، ماڭ دەپ شاھ ئالدىغا كەپتۇ.

—مەن شەھەرنىڭ دوقمۇشىدا تىجارەت قىلىدىغان ئاشپەز ئىدىم، بۇ نەغمىچى ئاشخانامغا كىرىپ تاماق يەپ، پۇلنى تۆلمەي «بارىكاللا، شاباباش» دەپلا سىرتقا ماڭدى. مەن تاماقنىڭ پۇلنى بېرىڭ دېسەم، ئۇ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بېرىمەن، شاھ ماڭا بەرگەن بارىكاللا بىلەن شاباباشنى مەن ئالمىدىم، سەن ئالماتتىڭ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا سۆرىشىپ ئالدىلىرىغا كېلىشىمىز،—دەپتۇ ئاشپەز.

بۇ چاغدا نەغمىچى تەمكىن ھالدا:

—ئى ئۇلۇغ شاھىم، بارىكاللا بىلەن شاباباشنى ماڭا بەرسىلە ئالمەن، سىلى ماڭا بەرگەن بارىكاللا بىلەن شاباباش ئاشپەزنىڭ بىر ۋاخلىق تامقىغا يارىماسمۇ؟—دەپتۇ.

—ھەي ئاشپەز، مېنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزۈم سېنىڭ تامقىڭغا يارىمايدىغان پاخال گەپلەرمىدى؟—دەپ ئاچچىقلاپتۇ شاھ. ئاشپەز قورقىنىدىن كەينىچە مېڭىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئوردىدىن ئارانلا چىقىپ كېتىپتۇ.

نەغمىچى ئەمدى شاھ ماڭا بىرەر نەرسە بېرەرمىكىن، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن شاھ:

—تېزرەك كېلىپ نەغمە قىلىپ بېرىڭ،—دەپ يولغا ساپتۇ.

نەغمىچى بازارغا چىقىپ، قاساپ دۇكىنى ئالدىغا كەپتۇ. قاساپنىڭ ئىككى ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

—تېرىنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ بەرسىلە، تۇلۇم لازىم ئىدى،—دەپتۇ.

قاسساپ تېرىلەرنى نەغمىچىگە تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ بېرىپتۇ. نەغمىچى: «ھۇ بارىكاللا، شابباش» دەپ قويۇپ، ئىككى تېرىنى كۆتۈرۈپ شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ.

ئۇ تۇلۇمنىڭ ئىككى تەرىپىنى يىپ بىلەن بوغۇپ، پۈۋلەپ (ئىچىگە) يەل توشقۇزۇپتۇ. بىر تۇلۇمنى ئوڭ يېنىغا، بىر تۇلۇمنى سول يېنىغا ئېسىپ شەھەرگە كىرىپتۇ.

—خالايىق، قاراڭلار ماۋۇ تۇلۇمدىكى بارىكاللا، ماۋۇ تۇلۇمدىكى شابباش، بۇنى ماڭا پادىشاھ ئىنئام قىلغان،—دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ، بۇ نېمە قىلىدىغان نەرسىدۇر دېيىشىپتۇ. ئاردىن بىر باي چىقىپ:

—ئەي يىگىت، بارىكاللا بىلەن شابباش قانداق قىلىدىغان نەرسىلەر؟—دەپ سوراپتۇ.

—پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا ئۈچ ئاي نەغمە قىلغانىدىم، پادىشاھ بارىكاللا بىلەن شابباشنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇلار ئويۇن قىلىدىغان نەرسىلەر،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەغمىچى.

—يىگىت، بارىكاللا بىلەن شابباشنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ،—دەپتۇ باي قىزىقىپ.

—بۇ بەك قىزىقارلىق ئويۇن قىلىدىغان نەرسە، بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، شۇڭا بۇنى تالاشمىسىلا باي غوجام،—دەپتۇ نەغمىچى.

—مېنىڭ ئۆيۈم ياقا يەردە، ئۇ جايدا ئويۇن ـ تاماشىمۇ يوق. ماڭا سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز،—دەپ تالىشىپتۇ باي.

نەغمىچى ئىككى تۇلۇمنى بايغا 4000 تىللاغا سېتىپتۇ. باي بىر تۇلۇمنى ئوڭ يېنىغا، يەنە بىر تۇلۇمنى سول يېنىغا ئېسىپ كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئون قەدەم نېرى بارا ـ بارمايلا بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ:

—ھەي نەغمىچى يىگىت توختاڭا،—دەپتۇ ـ دە،—بارىكاللا بىلەن شابباش نېمە يەيدۇ، نېمە ئىچىدۇ؟ قانداق قىلساق تاماشا قىلغىلى بولىدۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—ھېچنېمە يېمەيدۇ ـ ئىچمەيدۇ. ئۆيگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يۇرتتىكى خەلقلەرنى ئۆيىڭىزگە مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىسىز. مېھمانلارنى بىر ئۆيگە كىرگۈزۈپ ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم تاقايسىز. ھەتتا ئىشىك يوچۇقلىرىنىمۇ پاختا بىلەن مازدا ئېتىپ، ئۆينى قاپقاراڭغۇ قىلىسىز، ئاندىن بارىكاللا بىلەن شابباشنى قويۇپ بېرىسىز، ئەگەر بىرەر يوچۇقتىن چىقىپ كەتسە تاپقىلى بولمايدۇ،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەغمىچى يىگىت.

باي ئۆيىگە كېلىپ:

—خوتۇن، تېزدىن نان يېقىپ تەييار قىل. مەن بارىكاللا بىلەن شابباشنىڭ ئويۇنىنى ئېلىپ كەلدىم، بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ، بارىكاللا بىلەن شابباشنىڭ ئويۇنىنى كۆرىمىز،—دەپتۇ.

باي يۇرتتىكى بارلىق خەلققە «بارىكاللا بىلەن شابباشنىڭ ئويۇنى بار، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھماندارچىلىققا بېرىڭلار» دەپ خەۋەر قىپتۇ ۋە ئۆزى تۆت قوينى ئۆلتۈرۈپ سويۇشقا باشلاپتۇ.

كەچتە مېھمانلار باينىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. باي ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىپتۇ ۋە مېھمانلارنى چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىنى كىگىز بىلەن يېپىپتۇ، ئىشىكنى يوغان ياغاچتا دەملەپ، ئىشىك يوچۇقلىرىنى مازدا ئېتىپتۇ ھەم مېھمانلارغا قاراپ:

—بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق بىزنىڭ ئۆيدە بارىكاللا بىلەن شابباشنىڭ تاماشىسىنى كۆرىمىز. بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇن،—دەپ تۇلۇمنى يېشىشكە باشلاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بىزنى بارىكاللا بىلەن شابباش دەسسىۋەتمىسۇن، دەپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قېچىشقا باشلاپتۇ. باي تۇلۇمغا قارىغۇدەك بولسا، تۇلۇم ئىچىدىن ھېچنەرسە چىقماي پەسلەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭلىرىغىچە تەپسىلىي قاراپتۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنى كۆرمەپتۇ. بارىكاللىنى قويۇپ بەرسەم، يوشۇرۇنۇۋالغان ئوخشايدۇ. ئەمدى شابباشنى قويۇپ بەرسەم بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ ئۆي ئىچىدە ئىنتايىن قىزىق تاماشا بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان باي يەنە بىر تۇلۇمنىمۇ يېشىپتۇ. لېكىن، تۇلۇمدىن ھېچنېمە چىقماپتۇ. تۇلۇمدىن ھېچنېمىنى كۆرمىگەن مېھمانلار باينىڭ ئەخمەقلىقىگە ھەيران بولۇپ تارقاپ كېتىپتۇ.

باينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ نەغمىچىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەردە نەغمىچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



—ئىككى تۈلۈمدىن ھېچنەرسە چىقمىدى، سىز مېنى ئەخمەق قىپسىز. مېنىڭ 4000 تىللايىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ،—دەپتۇ باي. نەغمىچىمۇ بوش كەلمەستىن:

—نېمە دەۋاتىسىز؟ مەنمۇ سىزنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم، خوتۇنۇم بارىكاللا بىلەن شاباشنى 4000 تىللاغا ساتقانلىقىمنى ئاڭلاپ، مەن بىلەن ئۇرۇشتى، سوقۇشتى. شاباش 4000 تىللالىق، بارىكاللا 4000 تىللالىق نەرسىلەر ئىدى. مانا ماۋۇ 4000 تىللايىڭىزنى ئېلىپ، بارىكاللا بىلەن شاباشنى تۇلۇمغا سولاپ بېرىڭ،—دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ. ئۇلار ياقىلىرىدىن سۆرۈشۈپ شاھ ئالدىغا كەپتۇ.

—نېمىشقا كەلدىڭلار،—دەپ سوراپتۇ شاھ.

—قارىسىلا پادىشاھى ئالەم، بارىكاللا بىلەن شاباش قىممەت باھالىق، قىزىق ئويۇن قىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇنى ئالدىراشلىقىمدا 4000 تىللاغا سېتىۋېتىپتىمەن، 8000 تىللاغا ئالىدىغان نەرسىلەر ئىدى،—دەپتۇ نەغمىچى.

—ھەي باي، سەن دەرھال نەغمىچىنىڭ 8000 تىللاسىنى تۆلىۋەت،—دەپتۇ شاھ. باي غىلىڭ-پىلىڭ قىلالماي تىللالارنى بېرەي دەپ تۇرۇشىغا:

—قويسىلا پادىشاھى ئالەم، بارىكاللا بىلەن شاباشنى 8000 تىللاغا سېتىۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟ بارىكاللا بىلەن شاباشنى قايتۇرۇپ بەرسۇن،—دەپ تۇرۇۋاپتۇ نەغمىچى.

—10 مىڭ تىللا بېرىپ يولۇڭغا، ماڭ،—دەپتۇ شاھ.

باي ئاخىر 10 مىڭ تىللانى نەغمىچىگە بېرىپ، شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئورۇندىن چىقىپ كېتىپتۇ. شاھ نەغمىچىگە:

—ئېھ نەغمىچى، ئۆيىڭىزگە بارمىغان ئوخشايسىز، ئۆيىڭىزگە تېزدىن بېرىپ كېلىپ، بىزگە نەغمە قىلىپ بېرىڭ دەپتۇ. نەغمىچى ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

بىز ئەمدى گەپنى ئاشپەزدىن ئاڭلايلى.

شاھ مېنىڭ ئاش-گۆشلىرىمنىمۇ بارىكاللا شاباشقا بۇيرۇپ بەرگەندىن كېيىن مەنمۇ بىر ئىش قىلاي، دەپ ئويلىغان ئاشپەز قاسساپنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئېسىقلىق تۇرغان يوغان ئىككى قوينىڭ گۆشىنى كۆرۈپ:

—قاسساپ ئۇستام، بۇ قويلارنى ئۆزلىرى بوردىغانمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—ھەئە،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاسساپ.

—ھەر ئىككى قوينىڭ گۆشى ھەقىقەتەن سېمىز ئىكەن، «ھۇ بارىكاللا، شاباش»—دەپتۇ ئاشپەز ۋە گۆشنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

—پۇلىنى بېرىپ ماڭمامىلا،—دەپتۇ قاسساپ.

—يەنە نېمە بېرەتتىم، بارىكاللا بىلەن شاباشنى بەردىمغۇ؟ بارىكاللا بىلەن شاباشنى پادىشاھ ماڭا بەرگەن تۇرسا، ئاش، گۆش، تاماقلارنىمۇ بارىكاللا، شاباشقا ساتتىم. بولمىسا مالىڭ شاھ ئالدىغا بارىمىز،—دەپتۇ ئاشپەز.

قاسساپ قورققىنىدىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسام نەچچە يىلدىن بېرى قوي ئۆلتۈرۈپ ساتتىڭ دەپ بىر مۇنچە باج ئالىدۇ. ئالسا مۇشۇ ئىككى قوينىڭ گۆشىنى ئالار، دەپ پەسكويغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشپەز ياغ، گۈرۈچ... ھەممە نەرسىلەرنى بارىكاللا - شاباشقا ئېلىپ، تاماقلارنى بىر مەزگىل پۇلغا سېتىپ خېلى بېيىپ قاپتۇ. كېيىن ئاشخانىغا كەلگەنلەرمۇ تاماقنى يەپ بولۇپ، بارىكاللا، شاباش دەپ قويۇپلا كېتىۋېرىدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ، شەھەرنىڭ پۈتۈن سودا - سېتىقى بارىكاللا - شاباشقا بولۇپ، ھېچكىم پۇلغا قارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

* * *

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، كۈنلەردىن ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئوردا ياساۋۇللىرى بازارغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھەممە كىشى پۇلغا ئەمەس، بارىكاللا، شاباشقا سودا - سېتىق قىلىۋاتقۇدەك. ياساۋۇللار ئوردىغا قايتىپ بېرىپ كۆرگەن ئەھۋاللارنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

—ئېھ پادىشاھ ئالىيلىرى، پۈتۈن شەھەر خەلقى بارىكاللا، شاباشقا سودا قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ،—دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ: «ھازىرغا قەدەر ئالغىنى - ئالغانغا، ساتقىنى - ساتقانغا ھېساب، بۈگۈندىن كېيىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ بارىكاللا، شاباشقا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەر خەلقى پۇلغا سودا قىلىدىغان بولۇپ، سودا - سېتىق يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەتسېيىت سادىر

توپلىغۇچى: ئابلىكىم تۇرسۇننىياز (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2000 - يىللىق 1 - سىنىپ)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى

غالىپ خوجائەبدۇللا



مەدەنىيەت ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر دۆلەت ۋە ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كونكرېت بىر تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى، ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ قايسى دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان رېئال پاكىتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى ۋە سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قەدىمدىن بۇيان بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت باسقۇچىنى بېسىش جەريانىدا، قانداق قىلغاندا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، جەمئىيەت ئېكولوگىيىسى بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ھەققىدە ئويلانغان. بۇ خىل ئويلىنىش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشتا قانداق مۇھىم بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى — ئۆرپ - ئادىتى، تىلى، ئېتنوگرافىيىلىك قائىدىلىرى، گۈزەللىك قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقاد ھادىسىلىرى، تارىخى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىمۇ، جەمئىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشتا شۇنداق مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشقا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى چىقىش يولى قىلىپ تاللىدى. شۇنداقلا سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىدە، ئىنسانلار ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما يەنە غايەت زور ئىجتىمائىي كرىزىس ۋە ئېكولوگىيىلىك كرىزىسلارغا ئۇچرىدى. سانائەت مەدەنىيىتىگە ئىگە ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرىزىسلارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى نامراتلىق بىلەن باي-
لىقنىڭ غايەت زور پەرقى، ئادىل بولمىغان خەلقئارا سىيا-
سىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىل-
لىي ئەنئەنە، مىللىي تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ يو-
قىلىشى، يادرو ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتى، نوپۇسنىڭ شىددەت
بىلەن كۆپىيىشى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ كرىد-
زىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ
ئېكولوگىيىلىك كرىزىسىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى مۇھىت-
نىڭ بۇلغىنىشى، بايلىقلارنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلەن ئېكو-
لوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارنى كۆر-
سىتىدۇ. سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى «قەيەر ئاغرىسا
شۇ يەرنىلا داۋالايدىغان، باشقا كېسەللەرنىڭ ئەكس تە-
سىرى بىلەن كارى بولمايدىغان» ئۇسۇل مەسىلىنى نې-
گىزىدىن ھەل قىلالمىدى. شۇڭا بۇ خىل كرىزىسنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەت يېڭى بىر خىل تەرەققىيات
يولىنى تاللاشنىڭ، يەنى سانائەت مەدەنىيىتىگە ئىگە
جەمئىيەتتىن، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەتكە
ئۆتۈشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ
يەتتى. دېمەك، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ئىنسانلارنىڭ
ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىگە بولغان
قايتا ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنى-
يىتى تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل يېڭى باسقۇچى. ئۇ سانائەت
مەدەنىيىتىدىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت شەكلىنى
كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئېكولوگى-
يىسى مەدەنىيەتنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ماددىي
مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە تۈزۈم مەدەنىيىتىگە
قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا يەتمەكچى بول-
غان مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى كەڭ مەنىدىكى ياكى تار
مەنىدىكى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مۇھىت ئاسراش ئېڭى،
ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ئەندىزىسى، تېخىمۇ
ئادىل ۋە مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئىبارەت ئۈچ
مۇھىم ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەت ئېكولوگى-
يىسى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدە-
نىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلانغان ۋاقىتتىلا، ئاندىن
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى سانائەت مەدەنىيىتىدىن مەدەنىيەت
ئېكولوگىيىسىگە كىرىش باسقۇچىنى ئورۇندىغان بولىدۇ.
مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشتا،

2004.5



ئالدى بىلەن بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپىدا، يەنى يەر شارى-
دىكى بارلىق جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر تەقدىرىنىڭ
ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بىرىنىڭ
مەۋجۇدىيىتى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى شەرت
قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈنلۈك پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇش لازىم. يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىقلار ۋە ئۆ-
سۈملۈكلەر تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا تە-
سىر كۆرسىتىشى يەر شارى بىلەن ئايرىلماس بىر پۈتۈن-
لۈك ھاسىل قىلغان. تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ ئا-
ئىلىگە كىچىككىنە ئەزا بولغان ئىنسانلار، گەرچە ئۆزلىرى-
نىڭ ئەقلىي ۋە زېھنىگە تايىنىپ غايەت زور ياشاش مۇ-
ھىتىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى
يەنىلا ئېكولوگىيىلىك سىستېمىلار بىلەن باشقا ھاياتلىق-
لارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىر پۈتۈنلۈك پرىن-
سىپىدا ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قويۇق
مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئىنسانلار بىلەن
باشقا جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇھىت كرىزىسىغا
ئورتاق يۈزلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئىقتىساتنىڭ يەر
شارىلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسان-
لارنىڭ تەقدىرى بارغانسېرى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ
كەتتى. مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ.
ھەر قانداق بىر دۆلەت ئىنسانىيەتتە يۈز بەرگەن مۇھىت
مەسىلىسىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەل قىلىپ كې-
تەلمەيدۇ. ئەگەر باشقا دۆلەتلەر تەڭ ھەرىكەتكە كەلمىسە،

بىر ياكى بىر قانچە دۆلەتنىڭ مۇھىت قوغداش تىرىشچانلىقىمۇ ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇقۇل تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئارقىلىق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماسلىقىمىز، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنى يوقاتماسلىقىمىز، بىر خىل قىممەت قاراش ئارقىلىق بارلىق قىممەت قاراشلارنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز لازىم.

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشتا چوقۇم باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلگەن باراۋەرلىك كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى بىلەن كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس تەرەققىيات پرىنسىپىنى، ئېكولوگىيىلىك سىستېما بىلەن جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ھەرقايسى دەۋرلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك بولسا، ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيەت قۇرۇشتا دىققەت قىلىنىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساس قىلىنىشى، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى بىلەن كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈشى لازىم. شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ قالدۇرۇشنى چىقىش قىلىشنى ئاساس قىلىش لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ھازىرقى دەۋر كىشىلىرى ئارىسىدىكى باراۋەرلىك، باراۋەرلىك مەسىلىلىرىنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولىدۇ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يەر شارى مۇھىتى ھەمكارلىقىغا بولغان تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەرقايسى دەۋرلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ئامىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى دەۋرلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك بولسا، باراۋەرلىك پرىنسىپلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ياكى مۇھىم كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشتا، تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى تەكىتلەش، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بىر خىل مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارغا ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى يارىتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزئارا ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بىز يەنە بايلىق تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىنى تاللىشىمىز، تېخنىكىنى يېڭىلاش ئارقىلىق



بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، تەبىئەت بايلىقى بىلەن ئاۋام خەلق بايلىقىنىڭ ماسلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش شارائىتىگە ئىگە بولغان مۇھىتنى يارىتىش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئادىل ۋە باراۋەر بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىزدە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى قۇرۇش، بۇ ئارقىلىق مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كونترول قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاۋام خەلقنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىدا: «دۆلىتىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىمىز، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلىشىمىز، بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىمىز، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش باياشات بولغان، ئېكولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ياخشى بولغان تەرەققىيات يولىدا ماڭدۇرۇشىمىز لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى ئىناق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا ئۆتكەنكى تەجرىبىلەر خۇلاسىلەنگەن بولۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش قورالى بولماي، بەلكى تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشنىڭ ياردەمچىسى بولۇش تەشەببۇس قىلىنغان. پارتىيىمىزنىڭ بۇ تەشەببۇسى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر جاي ياكى مەلۇم بىر ئورۇننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە باشقا تەرەققىياتلىرىغا باھا بەرگەندە، نوقۇل ئىقتىسادنىڭ ئېشىش كۆرسەتكۈچىگىلا قارىماي، بەلكى ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ، بايلىق كۆرسەتكۈچى ۋە مۇھىت كۆرسەتكۈچلىرىگىمۇ قارىشىمىز لازىم. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر خىل جانلىقنىڭ يوقىلىشى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداشتا قانچىلىك قەدىرلىك بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مىللىي مەدەنىيەت، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ يوقىلىشىمۇ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداشتا شۇنچىلىك قەدىرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەر شارى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى مۇھىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، ھەرقايسى ئەل ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقايسى ئەل ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تەڭشەش پۈتكۈل يەر شارى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت مۇھىتى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆپ خىللاشقان، كۆپ مەنبەلەشكەن مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ھاسىل قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتا، نوپۇز، بايلىق ۋە مۇھىتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

(ئادرېس: قۇراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپى مەدەنىيەت كافېدراسى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى



چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف

ئادەملەرنىڭ تۈپ خاتالىقى باشقا ھايات ئىگىلىرىنىڭ سەزگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقىدا كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟

چاقانوف: ئۇلۇغ تسىيولكوۋسكى (كائىنات ۋە راكېتا تېخنىكىسىغا ئاساس سالغان رۇس ئالىمى)نىڭ «ئادەملەر ئارىلىشىپلا قويۇۋېدى، يەر شارى تېزلا قېرىپ كەتتى» دېگەن سۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت بار. يېقىندا بىر چەت ئەل مەتبۇئاتىدىن تالاي قەلبتە ئوي ـ پىكىر قوزغايدىغان مۇنداق بىر قىزىق ئەھۋال ھەققىدە ئوقۇغانىدىم. 26 ياشلىق فرانك چارنەي دەرياسىدىن بېلىق تۇتۇۋېلىپ، بىر قۇتىغا سېلىپ باقىدۇ، بىر يىل ئۆتكەندە بەدىنى چوڭلاپ كەتكەن بېلىققا قۇتا تار كېلىدۇ، ئۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇرۇلالمايدۇ. بىراق، بېقىمى ياخشى بولۇپ، قورسىقى توق بولىدۇ. ھەتتا ئىككىسى تېلېۋىزورنىمۇ تەڭ كۆرىدۇ. كېيىن بىر ئىش ئۈچۈن فرانكتىن رەنجىپ قالغان مەشۇقى سۆيگىنىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى ئېدۋىن كرانىكقا بېلىق نامىدىن ئەرز قىلىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بېلىققا غەمخورلۇق قىلمىغان فرانكنى جىنايەتچى، دەپ قاراپ، بەش سائەت تۈرمىگە قامايدۇ. فرانك نۇرغۇن پۇل تۆلەپ بۇ ئىشتىن ئاران قۇتۇلىدۇ.

—مەن بۇنداق رەھىمسىزلىكنى تۇنجى كۆرۈشۈم،— دەپ ئاچچىقلىنىدۇ كرانىك،— سىزنى بىرى مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرماي، تونىغا ئوراپ قويسا قانداق ھالدا بولاتتىڭىز؟ بېلىقنىڭ سەزگۈسى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ ئۇنى بەختسىز قىلىشقا نېمە ھوقۇقىمىز بار؟ فرانكقا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازا بېرىش كېرەك ئىدى.

ئايتماتوف: ئالتاينىڭ بىر يەرلىك كىشىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىدىم: شۇ يەردە تاڭقوراي، جىگدە، ئالما، نەشپۈت، قارىقات پىشسا، شەھەر ئاھالىلىرى مېۋە ـ چېۋىلەرنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن توپ ـ تويى بىلەن كېلىشىدىكەن، تىنچ كېلىپ، تىنچ كەتسە، نېمە دەرد، مېۋە كۆچەتلىرىنى سۇندۇرۇپ، تۈنبويى گۈلخان يېقىپ، ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ، تاغ ئىچىنى بېشىغا كىيىپ، ئوۋ ھايۋانلىرىنى بەزدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر قەھرى تۇتقان ئېيىقلار بىراقلا تاغدىن چۈشۈپ، ئادەملەرنى قوغلاپ، ماشىنىلىرىنى ئۆرۈپ، ئۆرۈتۆپە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تولىمۇ ئەركىنلىشىپ كەتكەن شەھەرلىكلەر ئازراق بولسىمۇ ئويلىنىپ قالغان بولسا كېرەك...

چاقانوف: قارىياغاچنىڭ بىر تال شېخى سۇنسا، ئۆز قوۋۇرغىسىغا قارايدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ بەزىلىرى قۇتا ئىچىدىكى بېلىققا ئىچ ئاغرىتىپ چۇرقىرىشىۋاتقاندا بىز ئارال دېڭىزىدا ياشايدىغان بېلىقنىڭ 34 تۈرىنى پاك ـ پاكىز تۈگىتىپ قويدۇق. چېكە، «قولدا بار ئالتۇننىڭ قەدرى يوق» دېگەندەك، قايسى بىر ئەلدە كېيىكنىڭ گۆشىنى مېھمانغا ئەزىز غىزا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىڭىز، 1988 ـ يىلى تورغاي ئۆلكىسىدە مىليونغا يېقىن كېيىك قىرىلىپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئارال دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسى «گۈللىنىش» ناملىق باكتېرولوگىيىلىك قوراللارنى يوشۇرۇن سىناق قىلىدىغان مەركەز ئىدى، شۇڭا بۇ سىناقنىڭ كاساپىتىمۇ ياكى شۇ ئىدارىنىڭ «ئىجادىيەت غەلىبىسى»مۇ، ئىشقىلىپ بۇ

كىشىنى شۇركەندۈرىدىغان ئىشقا مەسئۇل بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. داۋراڭ سالدۇق، تەرەپ ـ تەرەپكە خەت يازدۇق. مەسىلەن، مەن خەلقئارالىق «ئارال، ئاسىيا، قازاقىستان» ئىجتىمائىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتى گورباچىفقا، مۇداپىئە مىنىستىرى يازوفقا، سەھىيە مىنىستىرى چازوفقا ئايرىم ـ ئايرىم بۇ تاراگېدىيىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، خەت تاپشۇردۇم، لېكىن «تاسادىپىي كەلگەن (قويغان دىئاگنوزىنىڭ نامىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) يۇقۇملۇق كېسەل ئىكەن» دېگەن يوقىلاڭ جاۋابنى ئالدۇق. كېيىن كېڭەش ئىتتىپاقى تاراپ كەتتى ـ دە، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قېپقالدى.

**ئايتماتوف:** بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى قوجاجاشلار تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، مەككارلىشىپ كەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئاسانلىقچە ئۆزىگە ئالمايدۇ.

**چاقانوف:** بوۋاق چېغىدا بۆرىلەر ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىپ، بېقىپ ئۆستۈرگەن جۇمە جۇمەيېف ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن تېلېۋىزوردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. ئۇزاق يىل ئانا بۆرىنىڭ قۇچىقىدا بۆلتۈرىكلەر بىلەن بىللە ئۆتۈپ، ياۋايىلىشىپ كەتكەن جۇمەنى ئوۋچىلار تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ، قوغلا ـ قوغلا تۆمۈر تور بىلەن قاماپ تۇتۇۋالىدۇ.

ــــ ئادەملەر تورغا قامىغاندا، ئانام (بۆرىنى دېمەكچى) جېنىنى تىكىپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئېتىلدى ۋە تورنى چاينىغان پېتى ئېلىشتى، بىراق، ئوۋچىلار ئۇنى ئېتىپ تاشلاشتى. بۆرىلەرنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ ھېچقانداق مۇشەققەت كۆرمىدىم، ئۇلار تولىمۇ مېھرىبانىكەن، ئادەملەردىن ئۇنداق غەمگۇزارلىقنى تولىمۇ ئاز ئۇچراتتىم،ــــ دېگەنىدى جۇمە.

«قىيامەت» دېگەن رومانىڭىزدا بۆرىلەر ئاساسلىق تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقمۇ؟

**ئايتماتوف:** ئەكبەرە بىلەن تاش چاينارنى يېزىشتىن ئىلگىرى بۆرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى تەتقىق قىلدىم، نۇرغۇن ئىپتىدائىي ئەدەبىياتلارنى ئوقۇدۇم. بۆرىنىڭ ھاياتلىق ئادىتى تولىمۇ تەرتىپلىك ۋە قىزىقارلىق، مەسىلەن، بۆرە ئۆزى ئىگىلىگەن يەرنىڭ مېلىغا قىش قاتتىق كېلىپ، ئېچىرقاپ كەتمىسىلا تېگىش قىلمايدۇ، ئەكسىچە باشقا بۆرىلەرنى يولاتمايدۇ. بۆرىلەر تۇنبويى نۆۋەت بىلەن ئۆزلىرىگە تەۋە ماكانىنى قوغداپ، كۆزەت قىلىپ چىقىدىكەن. بۇ ئىش بولۇپمۇ ئانا بۆرە كۈچۈكلىگەندە تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن، بۇنداق چاغدا ئۇلار يات ئۇيۇرنىڭ بۆرىلىرىنى ئەسلا كىرگۈزمەيدىكەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، مالنى يېسە ياكى زەخىملەندۈرسە، مال ئىگىسى ئۆزلىرىدىن كۆرۈپ، يۇت ـ قولنى ئەمدىلا كۆتۈرگەن بۆلتۈرىككە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلانغىنى ئىكەن. كۆردۈڭمۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەنتىقىسىنى!

**چاقانوف:** بالىلىق چېغىمدا ئاڭلىغان ھېكايە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر چوپاننىڭ قورۇسىنىڭ ئەتراپىغا ئانا بۆرە كۈچۈكلەيدۇ ۋە قويلارغا چېقىلماي ئىناق ئۆتۈشىدۇ، ئاۋۇلدىكى يىگىتلەر بۆلتۈرىكنى ئالماقچى بولغاندا چوپان ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى جاھاندا بالىسىنى ئالدۇرۇپ قويغان بۆرىدىن ۋەھشىيسى يوق، ئەتىلا ھەممە قويلارنى قىرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداقلا بۆلتۈرىكنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ قوشنىسىنىڭ يېرىگە ئۇرۇقداشلىرىنى يولاتمايدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا بىر ئىش يۈز بېرىدۇ، ئويناۋاتقان بۆلتۈرىك بايقىماي بىر ئاق قوزىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، بۇنى چوپانمۇ كۆرىدۇ، ئەتىسى چوپان قانداق قىلىدىكىن، دەپ سەپسالسا، ئۆز يېرىدە بوينىدا يېپى بار باشقا بىر ئاق قوزا پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئەسلىدە بۆلتۈرىكنىڭ قىلىقىدىن نومۇس قىلغان بۆرىلەر قوشنا ئاۋۇلنىڭ قوتىنىغا چۈشۈپ، ھېلىقى ئاق قوزىنى ئوغرىلاپ كەلگەنىكەن.

**ئايتماتوف:** تۇياقتا تۇياق دېگىنىڭ، ھايۋان ھاياتىدا قىزىق ۋەقەلەر ئاز ئەمەس. بىراق بىز ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىمايمىز.

**چاقانوف:** كېڭەش ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە تەبىئەتكە «ھەممىسىلا بىزنىڭكى، نېمە قىلساق ئىختىيارىمىز» دەپ قاراپ كەلدۇق. ئىشەنچلىك مەلۇماتقا قارىساق، ئاخىرقى 90 يىل ئىچىدە پەقەت ئالمۇتا شەھىرىدىكى تال ـ تېرەك ۋە چىتەن يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر 57% كېمىيىپ كېتىپتۇ. 8 ـ 7 يىلدىن ئۆسۈپ كېلىۋاتقان بىر تۈپ دەرەخ ئەتراپىغا كۈنىگە 30 كىلوگرام ئوكسىگېن چىقارسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر كۈندە نەپەسلىنىدىغان ھاۋاسى ئىكەن. دېمەك، بىز تەبىئەتنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق ئۆ-

زېمىزنىڭ ئۆمۈرىگە پالتا چېپىۋاتىمىز، سۇ، ھاۋا، تۇپراقنىڭ تەڭداشسىز بايلىقىمىز ئىكەنلىكىنى ھەمىشە ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىمىز.

ئايتماتوف: ۋاقىتلىق مەتبۇئاتتا خېلى شاۋقۇن قوزغىغان ئىككى ۋەقە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، كراسنويار ئۆلكىسىدە تۇرىدىغان بىر دېھقان ئايال ياز ئېيىدا ئورماندىن ساغرۇ قۇلاقنى چىنە ـ قاچىغا تۇزلاپ سېلىپ، قىشقا ساقلاپ قويىدۇ، ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئۇ يەر ئاستى ئۆيدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراقنى سېزىپ، تۆۋەنگە چۈشسە، ھۆپپىدە ئىششىپ كەتكەن بىر غەلىتە مەخلۇققا يولۇقىدۇ، ئۇنى ئايىغى بىلەن تۇرتۇپتىكەن، ھېلىقى نەرسە ئايالنىڭ پۇتىغا چاپلىشىۋېلىپ، پەقەت ئاجرىمايدۇ، ئاران دېگەندە ئاجراتقاندا ئايالنىڭ بەش بارمىقىنىڭ گۆشى يوق، سۆڭەكلا قالغانىكەن. ئالىملار بۇ مەخلۇقنى تەتقىق قىلىپ، ساغرۇ قۇلاققا سىڭگەن رادىئوئاكتىپلىق نۇرنىڭ نەتىجىسىدە ئۆسۈپ چىققان ئالۋاستى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. كۇنسايىن كۆلىمى زورىيىپ، ئىشتىھاسى ئارتىپ، تۆمۈر بىلەن بېتوننىمۇ يالماپ كېتىۋاتقان ئالۋاستىلارنى يوقىتىش زور مەسىلىگە ئايلانماقتا. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىككىنچى بىر غەلىتە مەخلۇق بېرمود ئارىلىدا ئۆسۈپ چىققان. دېڭىز بىلەن ئوكياندا ھايات كەچۈرىدىغان، ئۇزۇنلۇقى پەقەت 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان مىدۇزىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك مەخلۇققا ئايلىنىشىدا قانداق سىر بار؟ تەكشۈرگەندە، بىر چاغدا كېڭەش ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قورال ئورناتقان سۇ ئاستى پاراخوتى بېرمود ئارىلىدا بۇزۇلۇپ قېلىپ، سۇغا ناھايىتى كۆپ رادىئو ئاكتىپلىق زىيانلىق ماددىلار تارقالغانىكەن، مىدۇزا دەل شۇ ماددىلارنىڭ تەسىرىدە تېز چوڭىيىپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىرغا يەتكەن. ئۇ ھازىر بېلىق بىلەن دېلفىنلارنى مەنسىتمەي، قېيىق ۋە كېمىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. بەدىنىنىڭ ھەر يېرىدىن ئۆسۈپ چىققان قىزغۇچ ۋە كۆكۈچ بارماقلىرى تەگكەن جانلىق ئۆلىدىكەن، ھازىر بۇ مەخلۇقنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپىيىپ 200گە يېتىپتۇ.

ئەمسە، ئارسلان، پىل، كىت ۋە لەھەڭگە ئوخشاش چوڭ جانلىقلار ئالۋاستىغا ئايلانسا، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى ۋە زېيىنى قانچىلىك بولار؟ دانىشمەن تسيولكوۋىسكىنىڭ «ئادەملەر تەبىئەتكە ھۇجۇم قىلىپ بولدى، ئەمدىكى ھۇجۇمنى تەبىئەت ئادەملەرگە قىلىدۇ» دېگەن سۆزى راستتىنلا چىقىۋاتقىنى ئەقىل ئىگىلىرىنى قاتتىق ئويلاندۇرۇش كېرەك، چۈنكى كېيىنكى يىللاردا بەزى ئالىملار يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق بىزدىن تۆت مەرتىۋە تەكرارلانغان، دېگەن يېڭى، لېكىن تولىمۇ ۋەھىملىك مۆلچەرگە كەلدى. مۆلچەرگە ئىشەنسەك، ھاياتلىق دەسلەپتە يەر تەۋرەشتىن، ئاندىن قانلىق قىرغىندىن، كېيىن ئىلغار قوراللىرىدىن، ئاخىرىدا توپان سۈيىدىن يوقىلىپ تۈگىگەن. بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھكارى ئادەملەرنىڭ مەنىۋى يىمىرىلىشى، ئىمانسىزلىقى، تەبىئەتنى ۋەيران قىلىشى ئىكەن. ئەمدىكى مەسىلە، بەشىنچى ھاياتلىق بولغان بىزلەر كەلگۈسىدە يەر شارىنى ساقلاپ قالالايمىزمۇ ـ يوق، دېگەندىن ئىبارەت. ناۋادا ئادەملەر تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمىسە، زاۋاللىقنى يانار تاغدىن تاپىمىز، دېيىشمەكتە، خەلقتە «ئاخىر زامان بولاردا يەر يېرىلىدۇ» دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ! خۇدامۇ «مەن ئادەمزاتقا ھەممىنى بەردىم، پەقەت نىيىتىنىلا ئۆزىدە قالدۇردۇم» دېگەنىكەن. راست شۇنداق، بىز مەنىۋى جەھەتتىن پاكىزلانماي تۇرۇپ، ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيمىز، ئىلغار مەدەنىيەت تەبىئەتنىڭ دۈشمىنى، دېيىشىدۇ، بىراق بۇنداق دېسەك خاتالىشىمىز، ئەڭ چوڭ ئەيىبكار ــ ئۆزى ياراتقان شۇ مەدەنىيەت بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنى بىرلەشتۈرەلمىگەنلىكتە. باشقىسىنى ئېيتمايلى، كۆپىمىزنىڭ ھەر ئەتىيازدا بىر تال كۆچەت تىكىشكە قۇربىمىز يېتەمدۇ؟

چاقانوف: ھەممە كىشى بالىسىغا، ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ئاتاپ كۆچەت تىكسە، نېمدېگەن ياخشى ـ ھە! لېكىن بۇ ئېسىل ئادەتلەر يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. كۆكلەم ئېيىدا بىشكەكتە داغدۇغىلىق شەنبىلىك پائالىيەت بولدى، شۇ چاغدا بىز ــ بىر توپ ئەلچىلەر كۆكۆلمەيدانىغا بىر تۈپتىن دەرەخ تىكتۇق. كەلگۈسىدە بۇنىڭ تەڭداشسىز ئەسىدىلىككە ئايلىنىدىغانلىقى ئېنىق. شۇ چاغدا مەنمۇ قىرغىزلارنىڭ خاسىيەتلىك تۇپرىقىدا دۇنياغا كەلگەن، ئۆزبېكىز كىندىك ئاتىسى ئاتىلىپ، ئىسمىنى قويغان قىزدىڭىز ئايچۆرەككىمۇ ئاتاپ بىر كۆچەت تىكتىم، ئىككىسى تەڭ چوڭ بولسۇن، دەپ تىلىدىم.

بىزنىڭ يەر ئانىنىڭ ئالدىدىكى پەرزەنتلىك قەرزىمىز بىر تۈپ دەرەخ تىكىپ قويۇش بىلەن تۈگىمەيدۇ، بىراق،

ئىزگۈلۈك مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە مېھرىبانلىقتىن باشلانمامدۇ!

ھاۋادىكى تۈرلۈك خىمىيىلىك گاز، چاڭ ـ توزان بىلەن بەزى زىيانلىق نۇرلارنىڭ ئارىلىشىشىمۇ يەر يۈزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن خەتەرلەرنى پەيدا قىلماقتا. ئالەمنىڭ ئاھالە سانى مىليوندىن ئاشقان كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە ھاۋا شۇنچىلىك بۇلغانغانكى، دۇنيا ساقلىقنى ساقلاش تەشكىلى بالىلارنى سەككىز ياشقىچە بۇنداق مۇھىتتا ئۆستۈرۈپ تەربىيىلەشكە بولمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى، شۇ تىزىملىكتە ئالمۇتامۇ بار.

**ئايتماتوف:** 13 مىليوندىن ئارتۇق خەلقى بار توكيو شەھىرى بۈگۈندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىدىن بەكمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ زىچ ئورۇنلاشقانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش، كارخانا، زاۋۇت ـ فابرىكىلارنىڭ كۆپلۈكى، ماشىنا ـ ئاپتوبۇسلارنىڭ توختىماي مېڭىشى بۈيۈك مەدەنىيەت ۋە ئىلغار تېخنىكىنىڭ غالىب پايتەختىنى مىسكىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان، ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، ئوكسىگېن تولدۇرۇلغان تۇماق كىيىشكە مەجبۇر بولغان. تۇغما مېھنەتكەش ياپونىيىلىكلەر بۇ ئازابتىن قانداق قۇتۇلدى دېمەكچىمۇ؟ ئۇلار ئالدى بىلەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئورنىغا رىقابەت ئېلان قىلىدۇ، ئاساسىي شەرتى، كىم ھاۋانى تېزدىن تازىلايدىغان ئىلغار لايىھىنى قويسا، شۇ شەھەر باشلىقى بولسۇن، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭلىغان تەلەپكار ئىچىدىن يېڭىپ چىققان ئادەم ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. ئۇ بەرگەن ۋەدىسىگە لايىق توكيونى ئالتە ئاي ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ پاكىز شەھەر قاتارىغا قوشىدۇ. مۇشۇنداق قاتتىق رىقابەتتە تاللانغان يېڭىلىقپەرۋەر ھەم شىجائەتلىك رەھبەرلەر مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ھەر قانداق شەھەرگە ئوشۇقلۇق قىلماس ئىدى.

**چاقانوف:** ئالىملىرىمىز يەرنى چۈمكەپ تۇرغان ھاۋا قەۋىتى يىلسايىن تۆۋەنلەپ كىچىكلەۋاتىدۇ، دەپ يېڭى خەۋپنىڭ ئۇندۇرمىسىنى كۆرسەتمەكتە، چۈنكى يەر يۈزىدىن ئاتموسفېراغا بۆلۈنىدىغان زىيانلىق قالدۇق گاز ۋە كۆمۈر گازى ئوكسىگېندىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئىكەن. ھاياتلىقتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بۇ ئىككى ئېلېمېنتنىڭ تەڭ ساقلانماسلىقى بارلىق مەۋجۇدىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى بۇزىدۇ. ساپ ھاۋانىڭ ئازىيىشىنى تېما قىلغان، ھاۋانى سۈيۈلدۈرۈپ، قاتۇرۇپ، ئۇنى بازارغا سالىدىغان سودىگەرلەرنىڭ چىققانلىقىنى بايان قىلغان، يازغۇچى ئالېكساندىر بېلىيايېفنىڭ «ھاۋا سودىگىرى» ناملىق فانتازىيىلىك رومانى ئېسىڭىزدىدۇ؟

ئەسەردە يانچۇقى توم بايلار ھاۋانى قەۋەتلەپ يىغىۋالىدۇ، بۇ چاغدا پۇلى يوق كەمبەغەللەر ھەر بىر تۈپ شۇۋاق تۈۋىدىن ھاۋا ئىزدەپ خارلىقتا قالىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ خىيالىدىكى ۋەقە دېگەن بىلەن بۇ پاجىئە كېلەچەكتە چىنلىققا ئايلىنىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ!

تۇپراقمۇ ئاخىرقى ئەسىردە تېخنىكىلىق تەرەققىياتنىڭ مالىمان ئوغلاق تارتىشىدا قالدى ئەمەسمۇ! يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈنلەر ئوتتۇرا ئەسىرگە سېلىشتۇرغاندا 7 ـ 5 ھەسسە تېزلەپتۇ، مانا بۇلار تەبىئەتنىڭ ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكىگە بولغان قارشىلىقى ئەمەسمۇ! كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېلىنىۋاتقان ھېسابسىز نېفىت، گاز، كۆمۈر، باشقا كان قۇدۇقلىرى گۆمۈرۈلۈپ يەرنىڭ يادروسىغا يەتمىگىنى بىلەن يەرنى قۇرۇق شاكالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا باشلىدى. يەنە بىر مىسال: يەر ئاستىدىكى نېفىت ياكى گاز ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ (كېيىنكى يىللاردا بوش قالغان جايىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلدى) بۇنىڭ ئۆزى يەر تەۋرەشتىن تارتىپ تۈرلۈك ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. بۇ مىسالدىن تەبىئىي بايلىقلارنى قازماسلىق كېرەك، دېگەن مەنە چىقمايدۇ، بەلكى زىيانىنى ئىلغار چارە ـ تەدبىر بىلەن تولۇقلاش لازىملىقىنى چۈشىنىمىز.

**ئايتماتوف:** قايسى يىلى قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاندىن كۈزدە ئىللىق جايغا ئۇچقان يۈز مىڭلىغان ئاق قۇ، غاز، ئۆردەك يۆنىلىشىدىن ئېزىپ قېلىپ، ياكۇتىيا (سىبىرىيىدىكى بىر يەر)غا قونۇپ قىرغىنغا ئۇچرىغان، مۇتەخەسسىسلەردىن ئاڭلىساق، ئىسسىق كۆلدە دۇنياغا كەلگەن بالاپان كېلەر يىلى ئەتىيازدا ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇغۇلغان يېرىگە يېڭىلىشماي قايتىپ كېلىدىكەن، قارا سوغۇق چۈشكەندە ئافرىقا، ھىندىستان، سېرىلانكىغا ئۇچىدىغان پەسىل قۇشلىرى قايتىدىغاندا يولىدىن ئازماي، ھاۋانىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، ئۆز ئۆلكىسىگە

كېلىدىكەن. ئۇنداقتا ھېلىقى قۇشلار نېمە سەۋەبتىن يا-كۇتىياغا بېرىپ قالدى؟ بۇنىڭ ھەممىسى ھاۋادا زىيانلىق نۇرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىپ، قۇشنىڭ سېزىم ئىقتىدارى تۈۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. قۇش بىلەن جانىۋارنى قايمۇقتۇرغان زەھەرلىك نۇر ئىنسانىيەتكە پۈتلۈق بەدىنى ئامان قويارمۇ؟

چاقانوف: «كاساندىرا تامغىسى» دېگەن رومانىڭىزدا كىتلارنىڭمۇ ئاساسىي نىشاندىن ئادىشىپ، تەتۈر قىلىق-لارنى قىلىپ، ئۆزىنى بىردەم - بىردەم قىرغاققا تاشلىغان-لىقىنى سۈرەتلىگەنىدىڭىز، مەۋجۇدات ئىچىدىكى ئەڭ زور مەخلۇقنىڭ ھاياتتىن بىزار بولۇشىدا ئۇلارنىڭ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا بولغان نارازىلىقى ياكى ئالەمنىڭ زىيادە قالا-يمىقانچىلىقىغا كۆرسەتكەن خىرىسى بىلىنىدۇ. دېمەك، يەردىكى بىئولوگىيىلىك كىچىك مۇناسىۋەت بۇزۇلغانسې-رى ئادەم، كۆن، كائىنات سىستېمىسىنىڭ چوڭ بىرلىكىنى كاردىن چىقىرىدۇ، زامانە ئاخىر بولۇشتا جەزمەن ئاتوم بومبىسى پارتلىشى ياكى توپان سۇ كېلىش كېرەك ئەمەس، دەپ يازغىنىڭىز ئېسىمدە. بىگۇناھ قۇشلارنىڭ يولدىن ئادىششى ۋە كىتلارنىڭ ئۆلۈمنى خالىشىمۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئايتماتوف: تەبىئەتتە بىرمۇ ئارتۇق نەرسە يوقكەن ئەمەسمۇ، ئادەمدىن قۇرت - قوڭغۇزغىچە تەبىئەتنىڭ خوجايىنى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىكىپ، چوڭ بىئولوگى-يىلىك سىستېمىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ بىرى يوقالسا، مۇھىتنىڭ ئىچكى مۇۋازىنەت قانۇنىيىتى بۇزۇلىدۇ. مە-سىلەن، قايسى بىر يەردە بېلىقنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈ-گەتتى، دەپ، بېلىقچىلارنى ئاساسەن تۈگەتكەندە، دېڭىزدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، كېيىن ئويلىساق، بې-لىقچىلار تۈرلۈك ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بېلىقلارنى يەيدىكەن، دېمەك، ئۇ تازىلىغۇچى رول ئوينايدىكەن.

شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنمەنلىك راۋاجلانسا، دۆ-لەتلىك كوللېكتىپ مەنمەنلىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ تە-سىرىدە بىز تەبىئەتنىڭ تالاي - تالاي بايلىقلىرىنى يوقە-تىۋالدۇق، بىراق، مىلى پۇشايمان بىر ئېھتىياجنى قاندۇ-رالامدۇ؟ ئاڭلىساق باشقا سەييارىلەردىن كەلگەنلەر «يەر خرۇستال سارايىسمان، ئادەملەر بولسا شۇ سارايغا قاماپ قويۇلغان ئۆسكەك ئۆكۈزنىڭ رولىنى ئويناۋاتىدۇ» دەپ-تۇمىش. ئەگەر بۇ راست بولسا تولىمۇ ئاچچىق ھەقىقەت ئىكەن. شۇڭا بىز ئېكولوگىيىلىك تەربىيىنى باللار باغ-چىسى بىلەن مەكتەپتىن باشلىشىمىز كېرەك. ياش نوتىلار ئادەملەرنىڭ قوپال قاراشلىرىدىن زور قايغۇ - ھەسرەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى سېزىشى كېرەك.

قۇياشمۇ بىر كۈنى ئۆچىدۇ، دېيىشىدۇ، بۇ بەلكىم قېرىغىنىدۇ. جان - جانىۋارلار تۇرماق، يەرنىڭمۇ چەكلىك ئۆمرى بار، ئۇ ھارمىغان بىلەن تۈرلۈك كېسەلگە گىرىپتار بولدى، ئۇنى تۇتقۇزۇشتا پەقەت ئادەملەرنىڭ مېھىر - شەپقىتى دورا بولالايدۇ.

شۇڭلاشقا دۇنيا بويىچە تەبىئەتنى مۇھاپىزەت قىلىش-نىڭ پۈتكۈل ئەسىرلىك پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش - ئۇلارنىڭ ئادەمزات جەمئىيىتى ئالدىدىكى باش ۋەزىپىلە-رىنىڭ بىرى. ئۇنداق بولمىغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان خرۇستال سارايى ئۆرۈلۈپ، ئادەمزات ئۆز جىنايىتىدىن ئاھ ئۇرۇپ، جان ئازابىدا قالغان قوجاجاشنىڭ ئورنىنى بېسىپ قېلىشى مۇمكىن.

ياخشى - يامان، ئادىل ياكى ئادالەتسىز بولسۇن، ھەر بىر ئەلنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى بار، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ياخشىسىنى كۆرسىتىپ، يامىنىنى يوشۇرۇش ياكى تۈرلۈك بېزەك - بوياق بېرىش—ئادەمزات جەمئىيىتى ئالدىدىكى كەچۈرگۈسىز گۇناھ. چۈنكى، ھەر بىر ئەۋلاد ئۆز ئاتا تارىخىنى باشقا ئەللەرنىڭ راۋاجلىنىش، گۈللىنىش، يوقە-لىش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭغا سەۋەبكار بولغان ۋەقەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئەتكى نىشانىنى تۈزۈشكە ئەقىل تا-پىدۇ.

**چىڭغىز ئايتماتوف**

ساڭا ئېيتار بىر سىر بار تىلسىز قاراتاشنىڭ ھەم

ئۆتكەن كۈننىڭ بەلگىلىرى ياتار قۇمنىڭ ئاستىدا.

ئاشۇ يەردە ئاتا - بوۋاڭ قولاق سېلىپ قىياقتا

سېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىڭنى ئاڭلاۋاتقان سىياقتا.

**مۇختار چاقانوف**

چاقانوف: تارىخنى بىلمەسلىك يىلتىزسىزلىق. چوڭ خەلقنىڭمۇ، كىچىك خەلقنىڭمۇ ئۆز تارىخى بار، ئۇ قە-غەزگە چۈشۈپ ساقلىنىپ قالدىمۇ ياكى ۋاقىتنىڭ تاپىندا چەيلىنىپ، قۇمغا سىڭىپ يوقالدىمۇ، گەپ شۇنىڭدا.

غەربنى دېمىگەندىمۇ قوشنا جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شەجەرىسىنى ئوقۇغاندا ۋۇجۇدۇڭنى ئۆكۈنۈش قاپلاپ، ھەم قىزىقىپ ھەم قىزغىنىپ قالىسەن.

ئايتماتوف: مۆرىتى كەلگەندە تارىخ ھەققىدە سۆزلەسەكمۇ ئىككىمىز مۇزېيلارنى قېزىپ، دېرەك ـ ھۆججەت قوغلاشقان، شەجەرە بىلەن يىلنامىلەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى يۇتقان تارىخچىلاردىن ئەمەسمىز، بىلگىنىمىز ئاددىي ئوقۇرمەن سەۋىيىسىدە بولۇشىمۇ ئېھتىمال. بىراق، قانداق بولسىمۇ ھەر كىم ئادەمزاتنىڭ يەنى ئۇلار ھايات كەچۈرگەن جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىش، گۈللىنىش، چېكىنىش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەتىسى بىلەن بۈگۈنىنى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە بىلىشى ھەم قەدىرلىشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن باشقا مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ نەچچە غېرىچ قېلىنلىقتىكى سالنامىسىنىڭ يېنىدا كىچىككىنە ھالەتتە يېتىمسىراپ تۇرىدىغان ئۆز تارىخىمىزغا قەلەمكەشنىڭ كۆزى بىلەن توختىلىپ ئۆتسەك ئارتۇق بولماس.

راستىنى ئېيتقاندا، تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ كۆپ تارىخى كېچەش ئىنتىپاقى مەزگىلىدە يېزىلدى. نۇرغۇن قوزغىلاڭلار بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرى، ئادالەتپەرۋەر خان، بى، بەگلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ساختا نىقاب بىلەن بۇزغۇنچى قىياپىتىدە كۆرسىتىلىپ كەلدى. تۈنۈگۈنكى 50 ـ يىللارغىچە قەدەر، ئۆز تارىخىمىزنىڭ چىنلىقىنى يېزىشقا ئىنتىلگەن بىلىملىك ئالىملارنىڭ قانچىسى سۈرگۈن، جەبىر ـ جاپانى باشتىن كەچۈردى.

چاقانوف: ئۇ چاغدا تارىخىي تېمىدا سۆز بولۇپ قالسا، قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى، مەرھۇم تايىر جاراكوف «مەنمۇ قۇۋ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن نېرىسىغا زادىلا ئۆتمەيمەن» دەپ چاقچاق قىلىدىكەن. ئىلگىرىكى تارىخىمىزنىڭ مەخپىيىتىنى ئاختۇرىمەن، چوغنى چۇقچىلايمەن، دەپ نى ـ نى زاماندىشىنىڭ قولى كۆيگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىرنىڭ سۆزىدە يۈرەكنى پارە قىلىدىغان ئاچچىق كىنايە ئەكس ئېتىۋاتامدۇ!

چېكە، كىتابنىڭ باشقا قىسىملىرىدا ئۆزىمىز باشتىن كەچۈرگەن، گۇۋاھى بولغان، تەپەككۇرىمىز بىلەن تونۇپ بىلگەن ۋەقەلەرنى، يەنى كۆڭلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان سىرىمىز بىلەن پىكرىمىزنى قويۇپ تۇرتاقلاشتۇق. تارىخ بولسا كىشىلەردىن زور تەييارلىقنى، تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا دۇنيانىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا ئېلان قىلىنغان تارىخىي كىتابلارنى، ھەر تۈرلۈك شەجەرىلەر بىلەن يىلنامىلەرنى، قويۇن دەپتىرىمىزدىكى يازمىلارنى ئاختۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ، ئەقىل دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا سۆھبەتكە كىرىشكىنىمىز ئوبدان بولار. بۇ قىسمىنىڭ قىيىنلىقىمۇ مۇشۇنىڭدا. تارىخنى تەتقىق قىلغان بەزى ئالىملىرىمىز كونا مىراسلارنى خالىغانچە شاخلىتىپ، بىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يەنە بىرىنى ئاشكارا چۆكۈرۈپ كەلدى. ھەتتا بىرىدىن بىرى كۆچۈرگەن ئەسەرلەرمۇ يامغۇردىن كېيىنكى ساڭرۇ قۇلاقتەك قاپلاپ كەتتى، ئەل ـ يۇرتقا زىيان يەتكۈزگەن بەزى قانخور شەخسلەرنى خەلق قەھرىمانىغا ئايلاندۇرۇش كەڭ قانات يېيىۋاتىدۇ. مەسىلەن، سىبىر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، غەربىي سىبىرگىچە بولغان كەڭلىكنى قانغا بويىغان ئېرماك بىلەن ئۇنىڭ قاراقچىلىرى نېمىشقا پەقەت بىرلا خەلقنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە باھالىنىپ، ھۆرمەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك؟ دېمەك، تارىخنى تارازىغا سېلىش دېگىنىمىز، بىر خەلقنىڭ ياكى بىر تەرەپلىمە تەتقىقاتچىنىڭ يېتەكلىشىدە كېتىپ قالماي، بۆلۈپ يارمايدىغان خالىسلىقنى، ئېلىپ قوشمايدىغان توغرىلىق بىلەن يارەنلىك يۈكسەكلىكىنى ئىگىلەش ۋە شۇ تۇرقىدىن باھا بېرىش دېگەن سۆز. بۇنىڭدىن چەتنىسەك، بارنى بابلاپ، يوقنى چەيلىگەن ئاتا تارىخنىڭ ئالدىدا بىر، كېلەچەك ئالدىدا مىڭ گۇناھكار بولىسەن.

ئايتماتوف: مېنىڭ ئويۇممۇ شۇنداق. بايقىدىمىكى، ئىككىمىز ئاساسەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدىن سۆز قوزغىساق كېرەك. بۇنىڭدىن نەسلى باشقا، تىلى باشقا ئەمما، يىلتىزى بىر ئوقۇرمەنلىرىمىز تارلىق قىلماس، چۈنكى تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ تارىخى باشقا خەلقنىڭكىگە قارىغاندا ئاز يادلاندى. بەزى تاجاۋۇزچىلىق، يىغلىق تۆپەيلىدىن ئات تۇياقلىرىدا چەيلەندى. بىرە ـ سىرە نۇسخىسى مۇزېي مىراسخانىلىرىدا ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭ ئۆزى سالاسى ئۈزۈلمىگەن تارىخ ئەمەس،

شۇڭلاشقا ھەر بىر خەلقنىڭ تىلىدا يېزىلىپ، ھەر بىر ئەسىرنىڭ چەمبىرىدە يورۇقلۇققا چىققان، ئەمما، بىر تۇتاش يىلنامىلىق سالاسى ساقلانمىغان قىرغىز ۋە قازاق خەلقىنىڭ جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلساق، بۇنىڭ ئۆزى ئەھمىيەتلىك نەتىجە بولىدۇ. مۇشۇ ئىزگۈ نىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلغان ئىككىمىزنى «ئۆزگە يۇرت، نەپەسداش خەلقنىڭ زىيالىيلىرى، سايىسى ئۆزىدىن باشقىلارغا چۈشمەيتتىغۇ، بىزنىڭ تارىخىمىزنى تىلغا ئالماي يالاڭ تۈركچىلىك يولى بىلەن كەتكەن» دەپمۇ كەتمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۆلۈنۈش ئەمەس، بەلكى ئايرىلىپ قالغان نەرسىلىرىمىزنى تېجەيلى، چېچىلغانلىرىنى توپلايلى، دېگەن ياخشى كۆڭۈل، ياخشى تىلەك. «دادا بالىسى ئۈچۈن قانداق جاۋابكار بولسا، ھەرقايسى خەلق ئۆز تارىخى ئالدىدا شۇنداق جاۋابكار» دەپتىكەن ئەبۇناسىر ئەل فارابى.

ئارخېئولوگ ئالىملىرىمىزنىڭ ئادەمزات يەر شارىغا ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىن تارالغان، دېگەن ھۆكۈمى چىنلىققا ئۇيغۇن كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بۇنىڭغا بىز قازىكالانلىق قىلالمايمىز. بىراق، 4 مىليارتتىن ئارتۇق خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان يۈزلىگەن مىللەت بىلەن ئۇلۇسنىڭ، تۆرلۈك نەسلىنىڭ تېگى ـ تەكتى بىلەن ئۆسۈش، گۈللىنىش، راۋاجلىنىش باسقۇچلىرى بولغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىقاتچىلىرىمىز قەدىمكى زامان تارىخى، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، يېقىنقى زامان تارىخى دەپ، چوڭ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشىدۇ، مۇشۇ ئۈچ باسقۇچقا ئادەمزاتنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ تارىخى مۇجەسسەم. قەدىمكى زاماندا ھايات كەچۈرگەن بوۋىلىرىمىز بىلەن دۇنياۋى تەبىئەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەزەر سالساق ھەم بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. قۇرۇقلۇقنىڭ يېرىمىنى سۇ بېسىپ، نۇرغۇن يەرلەر مۇز قورشاۋىدا قالغاندا ئاق، قارا، سېرىق ۋە قوڭۇر رەڭ نەسىللىك كىشىلەر نەگە كۆچكەن، كىم ـ كىم بىلەن رىزقىنى تەڭ كۆردى؟ بۇ بىر تېپىشماق. چۈنكى ئادەمزاتنىڭ يارىلىش تارىخىمۇ تا ھازىرغىچە نامەلۇم. ھالبۇكى، ئادەمزات نەسلى يەر شارىدىكى ئېكولوگىيىلىك ئەھۋال ياخشىلانغاندىن كېيىنكى 10 ـ 12 مىڭ يىلدىلا ئەركىن ـ ئازادە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ئالىملىرىمىز ئادەمنىڭ دەسلەپكى ئەمگەك قورالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەل بىلمىسىمۇ، دەسلەپ ئۆستۈرگەن نەرسىسىنىڭ بۇغداي ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى.

بىزنىڭ ئېرامىزغا قەدەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدىمكى دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالساق، بارلىق خەلق گۈدەكلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، نېمىس بىلەن ئىنگلىز، ئىسپان بىلەن فرانسۇز، ياپون بىلەن كورېي، پارس بىلەن ئەرەب، ھىندى بىلەن خەنزۇلارنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قەبىلىلىك بىرلىكتىن ئۇلۇسلۇق ئىتتىپاققا ئىنتىلىش تەلپى تولىمۇ سالماقلىق بولدى. بۇ ئۇلۇسلارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ماكانلاشقان، تەقدىرنىڭ قوغلىشى بىلەن ھەتتا ئالتايدىن يىراق رۇمغا، ئىراندىن شىمالىي مۇز ئوكيانغا قەدەر يامرىغان ساك، ھون قەبىلىلىرى ھايات كەچۈردى، بۇ خەلقلەرنىڭ قايسىسى ئالدى بىلەن شەھەر سېلىپ، قورغان ياسىدى، قايسىسى ھۈنەر ـ بىلىمگە ئىنتىلىپ، خەت تونۇدى، قايسىسى ئاتقا مىنىپ، يېغىلىققا ئاتلاندى، بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك قىيىن. مەسىلەن، ھازىرقى قازاقىستان زېمىنىدىكى ئەڭ كونا شېخىللىقتىن تېپىلغان قورال ـ ياراغنى ياكى زىننەت بۇيۇمنى بۇ بىزنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بوۋىلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈكى ئىدى، دەپ ئۆزۈمىزنىڭكى قىلىۋېلىشقىمۇ زور ئىلمىي ئاساس كېرەك. چۈنكى بۇ بىپايان ئۆلكىنى بىزنىڭ ئېرامىزغىچە بولغان سەككىز ـ ئۈچ ئەسىرلەردە يەتتە خىل خەلق ماكان ئەتمىگەنمىدى؟ بۇ پەقەت بىزنىڭ بىلىدىغان دېرەكلىرىمىز. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قانچە مىللەت ئوچاق سېلىپ، ئوت ياقتى، ئەۋلاد ئۆستۈردى، بۇ بىزگە قاراڭغۇ. ھەتتا ھازىرقى چاغدىكى فىنلارنىڭ تېگى ـ تەكتى قازاق زېمىنىدىن تارالغانمۇ ياكى رىمنىڭ كونا قەلئەسىدىن تېپىلغان دۇبۇلغا ئەينى چاغدىكى ھون جەڭچىسىنىڭ تەرى سىڭگەن باش كىيىم ئەمەسلىكىگە كىم مەيدە مۇشتلىيالايدۇ؟ دېمەك، قەدىمكى دۇنيا تارىخىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ھەممە خەلقنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى ئۆز تامغىسى بارلىقى بەرھەق.

چاقانوف: ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتمۇ

www.uyghurkitap.com



بەلكىم تەكشى راۋاجلىنىش باسقۇچىدىن ئۆتكەندۇ، تەدرىجىي ھاياتلىق مۇقامى، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن خىلمۇ خىل ئەھۋاللار بىرىنى ئىلگىرى باستۇرۇپ، ئىككىنچىسىنى كەينىدە قالدۇرۇپ قويمىدىمۇ؟ مەسىلەن، دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالدىدىكى ئافرىقىنىڭ بەزى تائىپىلىرى بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ، ياپونىيىلىكلەر بىلەن ھىندىئانلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىندەك پەرقىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟

بىرىدىن ئىككىنچىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، پەم، تەدبىرى كەمچىل ئىدى. شۇڭلاشقا دەۋر كارۋىنىغا يېتەلمىدى، دەپ كېسىپ ئېيتساق خاتا بولار. ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى ئېچىلغانغا قەدەر مىللىي مەدەنىيەتنى، ئەركىنلىكى بىلەن ئۆرپ ـ ئادىتىنى بۇزماي ساقلاپ كەلگەن ھىندىئانلار ئاخىرقى ئۈچ ئەسىر چامىسىدا زورمۇزور ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان يەرلەردىلا ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ قالمىغانمىدى؟

**ئايتماتوف:** بۇنىڭ ھەممىسىگە مۇستەملىكىچىلىك روھىي ھالىتى سەۋەبچى. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلمىغان ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇقلىرى ياكى ئاۋستىرالىيىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي تەرەپلەردە كەينىدە قېپقېلىش سەۋەبلىرىنى ئاشۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھالىتىدىن ئەمگەككە ئەپسىزلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، دېگەن ساختا قائىدىدىن ئىزدىدى. ئەسلىي مەنىسىدە، ئۇنىڭ ئەڭ توپ سەۋەبى شۇ ئەللەرگە ئالاقىدار ئەسىرلەر مابەينىدە يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسەت ئىستراتېگىيىسى ئىكەنلىكىنى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىقتىسادىي نەزەرىيە قانات يېيىپ، زىيانلىق تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندى، ئەۋج ئېلىپ دۇنياۋى ھالاكەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىغا سەۋەبكار بولدى. تەرەققىي قىلىۋاتقان بەزى مەملىكەتلەر قۇلايلىق شارائىت، ئىقتىسادىي ئىمكانىيەت تۇغۇلسا، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتىشى مۇمكىن، ھەتتا، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى جەھەتتىن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن خېلىلا كېيىن قالغان ياۋروپا دۆلەتلىرى پەقەت كېيىنكى تۆت ئەسىر ئىچىدىلا تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى ئەمەسمۇ؟ ياكى دۇنياۋى سەھنىدە سالمىقى يوق تېخى تۇنۇگۇنكى كورىيە، تەيۋەن، سىنگاپورلارنىڭ ھازىرقى چاغدا دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى نېمە بىلەن دەلىللەيمىز؟

**چاقانوف:** ئەركىنلىك بىلەن بۇيرۇق ئارىسىدىكى ئارىلىق تا ھازىرغىچە تۈگىتىشماي كېلىۋاتىدۇ. جىسمانىيەت قۇللۇقى مەۋجۇت بولغان يەردە جان ئازابى تەڭ ئاينىيدۇ. بۇ ئىككىسى بىللە كېلىپ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆرپ ـ ئادىتىگە، ئەنئەنىسىگە، ئەقىل ـ پاراسىتىگە، ئىلگىرىكى، ھازىرقى روھىي بىلەن ئېتنوگرافىيىسىگە بولغان سەل قاراشنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرلەردە رۇس ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن زىيالىيلارنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى كەمبەغەل ـ نامراتلارنىڭ ئالاقە قوراللىرىغىچە تۆۋەنلىتىپ، ئۆزلىرى فرانسۇز تىلىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى بۇنىڭغا ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كۆچۈم خانلىقىنى كومپەيكوم قىلغان، قۇدرەتلىك ئەلنى قانغا پاتتۇرغان، ئېرماك سەپىرىنى تەرىپلەپ «سىبىر خەلقلىرىنى يارقىن كېلەچەككە باشلىغۇچىلار» دەپ كەلدۇق ئەمەسمۇ؟ شۇنداقلا، رۇسىيە پادىشالىقى مۇستەملىكىچىلىرىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قالاق خەلقىنى ياۋايىلىقتىن قۇتقازغۇچى، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغۇچى ھېسابلاپ تەرىپلىگىنىمىزنى قايسى مەنتىقىگە چۈشۈرىمىز؟

ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋاپاسىزلىقى تارىخ ئالدىدىكى ساختىلىق ئىدى. بىر ئەلنى كۆككە كۆتۈرۈپ، داڭقىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان ياكى مەنىۋى جەھەتتىن ھەمتاۋاق ئەمەس، باشقا بىر چولۇڭ ئەلنى چەتكە قېقىش، ئۇنىڭغا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن بەرمەسلىك، ئۇنى سۈنئىي يوسۇندا چېكىندۈرۈش ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. بۇ جاھانگىرانە زومىگەرلىك تالاي ئەۋلادنىڭ ئېڭىنى زەھەرلەپ، مەنىۋى جەھەتتىن مېيىپ قىلدى، دېسىڭىزچۇ!

**ئايتماتوف:** «خەن پادىشاھلىقى تارىخى، غەربىي دىيار شەجەرىسى» دېگەن قىممەتلىك ئەسەردە «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەن ساكلار تولىمۇ باتۇر، جەڭگىۋار خەلق، دۇشمەنگە تاش، دوستىغا قاياش» دەپ يېزىپ، «ئۇلار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن دۇشمىنىنىڭ باش سۆڭىكىگە ئىچىملىك قويۇپ ئىچىدۇ، دۇمبە تېرىسىدىن ئارغامچا

ئېشىدۇ» دېگەنىدى. (ئۆتكەن ئەسىرلەردە مۇنداق قاد-
خورلۇق ھەر بىر خەلقنىڭ تارىخىدا بولغان. بىزمۇ بۇ
ماختاشتىن يىراق ئەمەس، شۇڭلاشقا تۈنۈگۈنكى ھەق-
قەتنى بۈگۈن ئېيتساق ھېچكىم ئەيىبلىمەس، ئەلۋەتتە.)
ساك قەبىلىلىرىنىڭ پادىشاھلىرى ۋاپات بولسا، قەبىلىدە-
كى خەلق ھەممىسى ھازا تۇتۇپ، چېچىنى يۇلۇپ، يۈزىنى
تىلىپ، قولىنى ئوق بىلەن تېشىدىكەن. خاننى قورغانغا
كۆمۈپ، يېنىغا خانىمى بىلەن خىزمەتكارلىرىنى، ئاتلىرىنى،
قورال ـ ياراغلىرىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلىرىنى بىللە
كۆمىدىغان ئادەت بولغان.

چاقانوف: يېقىنقى بولغان دەۋردە بىر خەلقنىڭ
ئىككىنچى خەلققە قىلغان ۋاپاسىزلىقىغا رەنجىگەنىنىڭ نېمە
پايدىسى؟ بىراق، پۇشايمان جېنىڭنى ئارامدا قويمايدۇ.
مەسىلەن، قازاق شائىرىنىڭ:

ئەرەبلەر كەلگەندىمۇ بوش كەلمىدى،
باش بولدى ئات كەينىگە باغلىغىنى.
سىنتاشنىڭ خەتلىرىنى قىرىپ تاشلاپ
تارىختىن يۈز ئۆردى، داغلىغىنى.
ئورنىغا تۈنۈگۈنكى ئويما يېزىقنىڭ
يىلاندەك ئىرماش ـ چىرماش ھەرىپى مىندى.

دەپ يازغىنىغا سەپ سالايلى!

ئايتماتوف: مۇشۇ شېئىردىكى ئويما يېزىق دېگەن
سۆزدە قانداق مەنە بار؟ ھون يېزىقى بىزگىچە يېتىپ
كېلەلمىدى. جۇڭگو يازمىلىرىدا تۈركىي تىللارنىڭ ئاشۇ
ھونلاردىن مەنبەلەنگىنى ئېيتىلىدۇ. تۈركىي يىلتىزلىق
خەلقلەرنىڭ توتېمى بۆرە، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تۇغىدا كۆك
بۆرىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكى شۇ سەۋەبتىن. رىۋايەتكە تا-
يانساق، ھون پادىشاھى بۆرىنىڭ نەسلى ئىكەن، ئەلگە ياۋ
تېگىش قىلىپ، قانلىق قىرغىن باشلانغاندا پادىشاھنىڭ
ھەممە بالىسى قازا قىلىپ، كەنجى ئوغلىلا تىرىك قالىدۇ،
لېكىن ئۇ بالىنىڭمۇ ئىككى قول، ئىككى پۇتىنى چېپىپ
تاشلاپ قويغاندا بالىنى بىر ئانا بۆرە تېپىۋېلىپ باقىدۇ،
ئۆستۈرىدۇ ۋە كېيىن ئىككىسىدىن ئون ئوغۇل تۇغۇلىدۇ.
ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى ئاشنا بولۇپ، تۈركىي خانلىرىنىڭ
ئەۋلادى مۇشۇ ئاشنادىن شاخلىنىدۇ، باشقا بالىلىرى قىپ-
چاق، قىرغىز، تاتار دەپ ئاتىلىپ، كېيىن تۈرك خەلقلىرى-
نىڭ ئىسمىغا ئايلىنىدۇ.

«توتېمىمىز بۆرە» دېگەن گەپتىن مەلۇم بولىدىكى،
سەبىي بالىلارنى بېقىۋېلىپ، ئۆستۈرگەن ۋەقەلەر نۇرغۇن
ئەللەرنىڭ رىۋايەت، ئەپسانىلىرىدا، ھەتتا كۈندىلىك تۇر-
مۇشىدىمۇ يولۇقۇپ قېلىۋاتامدۇ! شۇنىڭ بىرى سەككىز
ئەمچەكلىك ئانا بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان قەدىمكى رۇمۇل
بىلەن رىم.

ئەسلىدىكى تروپا كۆلگە ئايلانغاندا، بەزى مۇھاپ-
زەتچىلەرنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى تارىختىن مەلۇم، قاچ-
قۇنلار ئىنەينىڭ يېتەكچىلىكىدە كېمىگە چۈشۈپ، ئۇزاق
سەپەر قىلىپ، ئىتالىيىگە بارىدۇ. ئارىدىن ئون نەچچە يىل
ئۆتۈپ، ئىنەينىڭ ئەۋلادى، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، مەرد
يىگىت نومىتور تەختكە چىقىدۇ، نومىتورنىڭ كەنجى ئىنى-
سى ئامۇلى بولسا، ئىچى تار، ھەسەتخور بولۇپ، تەخت
تالىشىپ، ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە تەختكە چىقىپ،
نومىتورنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشكە
بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇ چاغدا بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇل-
غان كىشىنىڭ رۇمۇل بىلەن رىمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشقا
قولى بارماي، بىگۇناھ ئىككى بالىنى ئانا بۆرىگە ئەمگۈ-
زۈپ باقىدۇ. ئىككى بالا چوڭ بولۇپ، ئاخىر ھاكىمىيەتنى
قولغا ئالىدۇ. ئىتالىيىلىكلەر رىم شەھىرىنىڭ ئۇلىنى سال-
غانلار مۇشۇلار، دەپ ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىشىدۇ.

چاقانوف: توغرا دەيسىز، دۇنيادىكى بەزى ئەللەرنىڭ
چۆچەكلىرى بىلەن رىۋايەت ـ ئەپسانىلىرىنىڭ، ماقال ـ
تەمسىللىرىنىڭ شۇنچىلىك ئوخشاشلىقى مەخسۇس توختى-
لىشنى تەلەپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

رىم دېگەن گەپتىن چىقىدۇكى، دۇنيانىڭ قەدىمكى ۋە
ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىغا نەزەر سالسىڭىز، ئەڭ كۆپ
يېزىلغىنى، ھەر بىر ۋەقەگە ئەتراپلىق باھا بېرىلگىنى
مۇشۇ ئاتالغان پادىشاھلىقنىڭ يىلنامە شەجەرىسى.
قەلىمىنى سىياھقا بالدۇر چىلىغان ئەلنىڭ بۇ پۇختىلىقىنى
ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ، بىراق، دىلخەستە قىلىدىغان بىر
ئۆكۈنۈش بەزى بىر تەرەپلىمە تېيىز تارىخچىلارنىڭ ئا-
دالەتسىزلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئايتماتوف: قايسى دەۋردە بولمىسۇن، ھاكىمىيەت
بېشىدىكىلەرنىڭ چىقىشالماسلىقىنىڭ كاساپىتى بىلەن جا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يا ـ مۇشەققەتتى ئامما تېگىپ تۇردۇ، بولمىسا دېھقاننىڭ، چوپاننىڭ باشقا ئەلنىڭ بايلىقىغا كۆز تاشلايدىغان نېمىسى بار؟ ناۋادا قەدىمكى زامان تارىخچىلىرى مىللەتلەرنى ياۋايىلار، بەدەۋىلەر دەپ، ئاتىغان بولسا، بەلكىم ئۇلار تاجاۋۇزچىلىقنى ئاقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، بولمىسا ئىشغال قىلغۇچىلارنى يەنى ئۆزلىرىنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان خەلقلەر ئۈچۈن ئەزىز ۋە يېقىن، ھاياتىنىڭ مېغىزىنى تەشكىل قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىتچىت قىلىپ يوقىتىۋېتىدىغانلارنى قانداق ئاقلاشقا بولىدۇ؟

گېپىمىزگە كەلسەك، ساك دەۋرىنىڭ بەزى ئابىدىلەرى، ۋاپات بولغان مەشھۇر تۈركلەرنى نامايان قىلىپ تۇرغان تاش ھەيكەللەر بىلەن بالباللار ھازىرغىچە يېتىپ كەلدى، ھەتتا شۇمىر مەدەنىيىتى، ئۇلارنىڭ يېزىقى بىلەن ئەدەبىياتى تولىمۇ يېقىن. موڭغۇلىيىنىڭ سۇجىن داۋان دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ئورخۇن ـ يېنسەي يازمىلىرىدىكى بۇ سۆزلەرگە نەزەر سالايلى: «مەن ياغلاقار خان ئاتا، ئۇيغۇر يېرىدىن كەلگەن مېھمانمەن، مەن قىرغىز، مەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارمەن. مەن بەختلىك باباتارخاننىڭ ئەمرچىسىمەن»، ئەمدى تالاستىكى رۇنىك (تېپىشماق يېزىق) يېزىقىغا قاراپ باقايلى: «مۇھاپىزەتچىلىرى (راستىنى ئېيتساق دوستلىرى) ئوتتۇز ئوغلان كىچىك ئىدى، مايمۇن يىلى 16 گە تولدۇم، مېنىڭ ئېتىم ئاتاقلىق چور» دېيىلسە، ئەۋلىيا ئاتىغا يېقىن ئاچا تاش ـ ئۆي دېگەن يەردىكى تاشتا «ئۇنىڭ ئېتى چور، سىزلەردە 30 ئوغلان بار، پايدا ۋە باياشاتلىقنى (تىنچلىق)دەپ بىزدىن بۆلۈندى (ئۆلدى)، كۆيئوغۇللىرنى ئىشىنىپ تاپشۇردى، ئوغلان چور سوڭىنى تۇتۇپ، ئىزىنى بېسىپ قالدى، ئايالى تۇل قالدى» دېگەن شەجەرە بار. ناۋادا باشقا گۇۋاھ بولىدىغان بەتلەرنى راۋاقلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاشۇ تېپىشماق يېزىقلىرىنى ھەجىلەپ چىقساق، ئۇ چاغدا ئەسىرلەرنىڭ سىر ـ ئەسىرلىرىغا قانائەت ھاسىل قىلىمىز. بۇ يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان قىرغىز بالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە تولىمۇ ئىلگىرى كۆچۈپ بارغان يېنسەي قىرغىزلىرىدىكى داھىيلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بويىلا دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانى بولغان. بۇ 9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردە قىرغىزلارنىڭ دۆلىتى بولغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئۇ چاغدا قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنى يېڭىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى. يۇقىرى ھاكىمىيەت بەلەن سوت مەھكىمىلىرىگە ئىگە بولغان قىرغىز فېئودالىرى ئۆزلىرىگە بېقىندى بولغان ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

رۇنىك يېزىقلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۈچۈرۈلۈپ كەتكەن، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى شۇنچە ئاز بولسىمۇ بارىغا شۈكۈر قىلىمىز ـ دە!

چاقانوف: كۆلتېكىن، تونيۇقۇق يازما ئابىدىلىرىمۇ تۈرك خەلقىنىڭ بىر چاغلاردىكى داۋالغۇشلۇق تارىخىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. تونيۇقۇق 646 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 731 ـ يىلى ۋاپات بولغان، تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ داھىيسى، ئىلتەرىش بىلگەخان، قاپاخان، كۆلتېگىن ئوغلانلىرىنىڭ دانىشمىنى. ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرىنى، قايغۇسى بىلەن خۇشاللىقىنى تاشقا ئويۇپ، شەجەرە قالدۇرغان بۇنداق سىما تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا: «بىلگە تونيۇقۇق — مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە تەربىيىلەندىم، تۈركىي خەلقلەر ئۇ چاغلاردا تابغاچلارغا بېقىندى ئىدى» دەپ يازىدۇ، تابغاچ دەپ خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئىسپاتلاردا تونيۇقۇقنىڭ قارا ئېرتىش بويلىرىنى ماكان تۇتقان قارلاق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالايمىز.

ئايتماتوف: ئەتتەڭەي، مۇشۇنداق شەجەرە تەتقىقاتچىسىنى كۈتۈپ، تالاي يىللار مابەينىدە تارىخ چاڭ ـ توزانلىرىنىڭ ئاستىدا ياتتى دېسىڭىزچۇ! ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «تەڭرى مېنى قوللىدى، پۈتكۈل تۈرك خەلقىگە قورالىق ياۋنى يولاتمىدىم، ئاتلىق ئەسكەرنى كەلتۈرمەدىم... خەلقىمىز قايتىدىن قەد كۆتۈردى، ئۆزۈم قېرىدىم، ئامبال بولدۇم، تۈرك بىلگە خاقاننىڭ ئېلىگە بېغىشلاپ، تاشقا يازدۇرغان مەن تونيۇقۇق مەن» بۇنىڭدا ئېلىگە ئاخىرقى سۆزىنى قالدۇرۇشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەخپىي كونا تارىخىغا يېڭى سەھىپە قوشتى.

چاقانوف: ئارىتام قوشنا ئولتۇرغان دۈشمەنلىرىدىن تۈرك ئېلىنى تالاي قېتىم قوغداپ قالغان، ئۆز دەۋرىدە شەمشەر دەپ نام ئالغان كۆلتېكىن ھەققىدىكى يازمىلارنىمۇ

قەھرىمانلىق شەجەرىسى دېيىش كېرەك. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا دوستى تۇگۇل، دۈشمەنلىرىمۇ ھازا تۇتقان. بىلگە خاقان ئۇنىڭ قەھرىمانلىققا تولغان ھاياتىنى دەلىلەپ: «ئىنىم كۆلتېكىن قازا قىلدى، ئۆزۈم قايغۇردۇم، كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك، بىلگە ئەقلىم بىلمەستەك بولدى. تەقدىرنى تەڭرى يارىتىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ بەرى ئۆلگىلى تۇغۇلغان. شۇنچىلىك قايغۇردۇم، كۆزگە ئىسسىق ياش كېلەر، كۆڭۈلگە ئېغىر ھەسرەت تىنار. ئون ئوق ئوغلۇم، تۈركەس خاقانلىقىدىن ماقراش تامغىچى، ئوغۇز بىلگە تامغىچى كەلدى. مازار تۇرغۇزۇشقا، كەشتىلەنگەن يازما تاشنى تۇرغۇزۇشقا تابغاچ خاقانلىقىدىن زەرگەر ئۇستا چانسەنۇن كەلدى. «كۆلتېكىن قوي يىلى، 17 ـ يىلى ئۆلدى، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەرلەندۇق» دەپ يازدۇرغان.

**ئايتماتوف:** كۆلتېكىن يازمىلىرى بىلەن تالاس ئابىدىسىكى رۇنىك يېزىقلىرىدا مەزگىل بىرلىكى، ۋەقەنىڭ ئوخشاشلىقى مەۋجۇت ئەمەسمۇ!

**چاقانوف:** چىكە، سىز بىلەن بۇنداق ئۇزاق سۆھبەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى قەدىمكى دۇنيا تارىخىي بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى يېڭىۋاشتىن كۆرۈپ چىقتىم. بۇنىڭدىكى مەقسىتىم تۈركىي يىلتىزلىق ئۆزبېك بىلەن ئۇيغۇرنىڭ، قىرغىز بىلەن قازاقنىڭ، تۈركمەن بىلەن قارا قالپاقنىڭ، تاتار بىلەن باشقىرتنىڭ، نوغاي بىلەن چوۋاشنىڭ، خاكاس بىلەن ساخانىڭ، ئالتايلىقلار بىلەن چورنىڭ، ئەزەربەيجان بىلەن تۈركنىڭ، گاگاۋۇر بىلەن ئىتەلگۈنىڭ، قارا چاي بىلەن بالقار ۋە باشقىلارنىڭ تۈپ يىلتىزىنى، كېيىنكى زامانلاردا مىللەت بولۇپ بۆلۈنۈش باسقۇچلىرىنى ئېنىقلاش ئىدى. ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكنىڭ شاخلىرىغا ئوخشاش ئايىنغان بىر ئاتا، بىر ئانىنىڭ بالىلىرى تارىخىي يىلنامىغا ھەر خىل ناملار بىلەن كىرىپتۇ.

قەدىمكى زاماندا گرېتسىيە ھۆججەتلىرىدە ساكلارنى ماسساگېت، ياكسارت، داي، داخى، فارات، كومار، ئاسقاغات، يىسسەدون، ئاسسىي، ئارىيماسپ، سارمات، كاسسىپى دېگەن ئۇلۇسلارغا بۆلۈپ، ھەرقايسىسىنىڭ ماكانلاشقان يېرىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

**ئايتماتوف:** يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ تۈپ ئاتىلىرى مۇشۇ قۇراق تائىپىلەر دېگىنىڭگە قوشۇلىمەن. بۇنىڭ ئىسپاتى تارىخنىڭ گۇۋاھچى بەتلىرى. ھونلار ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈركىي خەلقلىرىمۇ بولغانىدى. ھونمۇ، سكىفمۇ، ساكمۇ دۇنيا تارىخىغا كىرگەن، شۇ زامانلاردىكى خانلىرىمىز بىلەن باتۇرلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقىنى تىلغا ئالساق، بۇ ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزگىنى چۆكۈرگەنلىك بولماس، مەسىلەن، بىزنىڭ ئېرامىزغا قەدەر بولغان 6 ـ ئەسىردە ساك ـ ماسساگېتلارنىڭ تومارىس دېگەن ئايال پادىشاھى بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ ھەقتە مۇنداق ئىسپاتلار بار: ساك تائىپىلىرى تومارىس پادىشاھ بولغان مەزگىلدە ئاسسىرىيا، مىدىيالا بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولغانىدى، پارس پادىشاھى مەشھۇر 2 ـ كىرنىڭ ئۆزىمۇ ساكلار بىلەن دوستلۇق، ئۇرۇش ئىتتىپاقىنى قۇرغان، ھالبۇكى، ھەددىدىن ئاشقان 2 ـ كىر بۇ ئىتتىپاققا قانائەت قىلماي، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستان زېمىنىغا ماكانلاشقان ساك ـ ماسساگېت خەلقىنى مەھكۇم قىلىپ، بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شىددەتلىك ئۇرۇشتا پارس ئەسكەرلىرى تارمار بولۇپ، 2 ـ كىر ئۇرۇش مەيدانىدا قازا قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ھەققىدە گرېتسىيە تارىخچىسى ھىرودوت: «ماسساگېتلارنىڭ ئايال پادىشاھى تومارىس جەڭدە پارسلارنى يەڭگەندىن كېيىن پادىشاھ كىرنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، قان تولغان تۇلۇمغا سالدۇرىدۇ ۋە ‹قانغا خۇمار ئىدىڭ، ئەمدى خۇمارىدىن چىققىچە ئىچ› دەپ تۇلۇمنى دەرياغا تاشلاتتى» دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرغانىدى. ساكلار ئىپتىدائىي زامانلاردىن تارتىپلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىغا چوقۇنۇپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا تېۋىنغان. ھەتتا ئۇرۇش تەڭرىسى بار دەپ، قىلىچ بىلەن نەيزىنى يەرگە سانجىپ، ئۈستىگە قان تامغۇزۇپ ياكى سۈت قويۇپ تېۋىنغان. قازا قىلغان پادىشاھى بىلەن شىر يۈرەك جەڭچىلىرىنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق بۇيۇملىرى بىلەن بىللە كۆمگەن ۋە ئەتراپىنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ چېگرىلىغان.

(داۋامى بار)

قازاقچە «قىيادىكى ئۈۋچىنىڭ نالە ـ زارى»ناملىق كىتابتىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# خىيانەتچىنىڭ بايانى

2004.5

سوتچى:

ــئىسمىڭ نىمە؟

خىيانەتچى:

ــرويىخەتتىكى ئىسمىم ياۋفۇگۇي، ئەركىلەتمە ئىسمىم ياۋجيەنگو، ياۋكېمىڭ، هازىر ياۋفۇگۇي دىگەن ئىسمنى ئىشلىتىۋاتىمەن. يېشىم ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دىيەلمەيمەن، ئانام مىنى 58 ياش دەيدۇ، كىملىكىمدە 56 ياش.

ئارخىپىمدا 50 ياش، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىدە 48 ياش، كاتىپىم 40 ياش، ماشىنىست بولسا 28 ياش دەيدۇ، زادى قانچە ياشقا كىردىمكىنتاڭ! مەن بولسام تەشكىلنىڭ ئادىمى، شۇڭا بۇ ھەقتە تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن.

سوتچى:

ــئاساسلىق جىنايىتىڭ نىمە؟

خىيانەتچى:

ــمەن ئەزەلدىن پۇلغا بېرىلىپ باقمىغان، بىر قېتىم يولداشلار چۈشۈرۈپ قويغان پۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئالمىغان، بۇنىڭغا ئايالىم گۇۋاھ.

سوتچى:

ــباشقىلار نەچچە پۇل چۈشۈرۈپ قويغانىكەن؟

خىيانەتچى:

ــبىر سىنت.

سوتچى:

ــسەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش نىمە؟

خىيانەتچى:

ــ ساختا مەھسۇلات بىلەن ئۇيۇقۇمنىڭ ياخشى بولماسلىقى.

سوتچى:

ــكونكرېتراق چۈشەندۈر!

خىيانەتچى:

ــ پۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنىڭ ساختا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. باشقىلار بەرگەن سوۋغىنى قوبۇل قىلسام پەقەتلا ئۇخلىيالمايمەن، قوبۇل قىلمىسام تېخىمۇ ئۇخلىيالمايمەن.

سوتچى:

ــشەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساڭا قانداق كۆز قاراشتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

خىيانەتچى:

ــبىلمەن، بىر قېتىم باھار بايرىمىدا ئۆزۈمنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ئىكەنلىكىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «مېھمانلارنى قارشى ئالىمىز، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ يېزىپ دەرۋازىغا چاپلاپ قويسام، ئەتىسى كىشىلەر ئۇنى «مېھمانلارنىڭ پۇل ئېلىپ كېلىشىنى قارشى ئالىمىز، سوۋغا ئۈچۈن نەرسە سېتىۋېلىش ھاجەتسىز» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ، خەلق دېگەن ھەقىقەتەن قائىدە چۈشىنىدۇ ـ دە!

يەنە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغىنىمدا، دوختۇر كېسەللىك ئارخىپىمغا «غەم ـ ئەندىشىسى بولمىسىمۇ، ئەمما قاندىكى ماي مىقدارى قويۇق؛ ئىقتىدارى، سەۋىيىسى ئانچە ئۈستۈن بولمىسىمۇ، ئەمما قان بېسىمى بەك يۇقىرى؛ ھەر خىل يىغىنلارغا تولا قاتنىشىپ، جىق ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكتىن مەزى بېزى ياللۇغلانغان، خىزمەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما بەل ئومۇرتقىلىرى بۆرتۈپ چىققان» دەپ يېزىپتۇ.

سوتچى:

ــتەپتىشنىڭ ئەيىبلىشىگە قارىتا پىكرىڭ بارمۇ؟

خىيانەتچى:

ــئەيىبنامىدە مېنى 500 مىڭ يۈەن پارا ئالغان، دېيىلگىنى توغرا بولماپتۇ، ئەينى چاغدا خۇشلۇقتىن بېشىم قېيىپ كېتىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئالمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىن 300 مىڭ يۈەن پۇل ساختا چىققان. قانۇن بويىچە بۇ 300 مىڭ يۈەن ساختا پۇل ئىناۋەتسىز، شۇڭا سوتنىڭ ئۇنى ئومۇمىي ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىشىنى ھەمدە جازانى يەڭگىللىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

سوتچى:

ــتۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن قانداق ئويۇڭ بار؟

خىيانەتچى:

ــكەمىنە تەقدىرگە ئىشىنىدىغان بولغاچقا، تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك سان ـ سىپىرلارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىمەن، مانا قاراڭ، پىكاپىمنىڭ نومۇرى 9988، تېلېفون نومۇرۇم 6868، قول تېلېفون نومۇرۇم 1818، شۇڭا تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ياتىدىغان كامېرىمنىڭ نومۇرى 1698 بولسىكەن دەيمەن، رەھمەت!

سوتچى:

ــھازىر جاۋابكار ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتىدۇ.

خىيانەتچى:

ــبۈگۈنكى يىغىنغا تەييارلىقسىزلا كېلىپ قاپتىمەن، شۇنداق بولسىمۇ سىلەر سۆزلە، دەپ تۇرۇۋالغاندىكىن، تۈزۈت قىلماي بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلاي! كەمىنە ئىناۋەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەممەن، ئەينى يىللاردا ئولتۇرىدىغىنىم ئالىي ماشىنا، تۇرىدىغىنىم ئالىي مېھمانخانا، ئىچىدىغىنىم ئالىي ھاراق، كۆڭۈل ئاچىدىغىنىم ئالىي خېنىملار ئىدى، گەرچە ھازىر چاتاق چىقىرىپ قويغان بولسامۇ، ئەمما يەنىلا ئىناۋەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇم يوق، شۇڭا مەزكۇر دېلونى ئالىي سوتنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

سوتچى:

ــجاۋابكار سوت خاتىرىسىگە ئىمزا قويسۇن!

خىيانەتچى سوت خاتىرىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا «قوشۇلىمەن» دېگەن خەتنى يازغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يەنە ئادىتى بويىچە «مەزكۇر ھۆججەت ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىدارىلەرگە تارقىتىلىپ ئۆگىنىلسۇن ھەمدە مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلەر يۇقىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىنسۇن...!» دەپ تەستىق سالدى.

---

چىن چىلىڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «تاللانغان فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 7 ـ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابباس ئۆمەر

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

www.uyghurkitap.com



# مەن داپيۈز

(فېلىيەتون)

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈزۈمنى سېپىل تېمى-
دىنمۇ قېلىن دېيىشىدىكەن، پەرۋايىم پەلەك! مەن يۈرەك-
لىك ھالدا شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە
يۈزلۈك قېلىن بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاقمايدۇ. پە-
قەت داپيۈز بولغىنىڭدىلا ئاندىن جاھاننىڭ ھەرقانداق
يېرىدە قورقماي جان باقالايسەن. كىچىككىنە بىر مىسال
كەلتۈرەي، مەن ھاجەتخانا تاپالمىغان چاغلىرىمدا، يۈ-
زۈمنى داپتەك قىلىپ كوچىغىلا شارقىرىتىپ سىيىۋېرىمەن.
ئەگەر يۈزۈمنى داپتەك قىلمىسام، بىكاردىن بىكار دوۋ-
سۇقۇم يېرىلىپ ئۆلۈپ قالامدىمەن! يەنە بىر مىسال
كەلتۈرەي، مەن ئىش ئورنۇمدىن قالغان بولغاچقا، ئىلا-
جىسىز يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ كوچىلاردا يايما ئاچىمەن،
ئاياغ مايلايمەن، باجگىرلار، شەھەر باشقۇرۇش خادىملى-
رى كېلىپ قالسا، يەنە يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ئۆزۈمنى
يەرگە ئېتىپ يۇملاپ، ئۇششۇقلۇق قىلىپ يېتىۋالىمەن،
داپيۈز بولمىسام قانداقمۇ جان باقالايمەن؟

مېنىڭ يۈزۈم چەمدەك بولغىنى بىلەن، ئاشۇ ئەمەل-
دارلارنىڭكىگە قارىغاندا يەنىلا نېپىز، نېمىشقا دەمسىز؟
ئاشۇ قېتىم مېنىڭ بۇرۇنقى شىركىتىم يەنە خوتۇنۇمنىمۇ
ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. خوتۇ-
نۇم جۇ دىرېكتورنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ئېرىم
ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، مەنمۇ ئىش ئورنۇمدىن
قالسام بولمايدۇ!» دەپ يىلىنىپتۇ. جۇ دىرېكتور بۇ گەپنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن خوتۇنۇمغا يۈزىنى داپتەك قىلىپ:

— ئىش ئورنۇڭدىن قېپقالغۇڭ بولمىسا بوپتۇ، ئۇنداق
بولسا ئەمىسە ماڭا ھەمراھ بول! — دەپتۇ.

خوتۇنۇم يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشنى، مېنىڭ يۈ-
زۈمنى تۆكۈشنى خالىمىغاچقا، مېنى جۇ دىرېكتورغا سوۋ-
غا ـ سالام بېرىپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشقا بۇيرۇدى.
مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئىچىش تۈگۈل ھەتتا ھىدىنى پۇراپ
بېقىشمۇ نىسىپ بولمىغان ئىككى بوتۇلكا ئالىي دەرىجى-
لىك ھاراقنى ئېلىپ جۇ دىرېكتورنىڭ ئۆيىگە كەلسەم، كىم
بىلسۇن، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن يۈزىنى داپتەك قىلىپ:

— مەن بۇ ھاراقنى تولا ئىچىپ زېرىككەن، ئەگەر
ماڭا راستىنلا سوۋغات بەرگۈڭ بولسا، ئۇنداقتا بىر تال
ئالتۇن سائەت سوۋغا قىلغىن! — دېدى.

ئاڭلىسام، شىركەت چەت ئەلدىن ئۈسكۈنە كىرگۈز-
گەندە، ئۇ يەنە ئەجنەبىيلەردىن 1 مىليون شېرىنكانە ئال-
غانىكەن، مەن جۇ دىرېكتور دېگەن بۇ ئەبلەخكە چىش ـ
تىرنىقىمچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم، بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ
ئۈستىدىن تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش قارارىغا
كېلىپ، تەپتىش مەھكىمىسىگە باردىم. كىم بىلسۇن، ئويى-
لىمىغان يەردىن تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ھېلىقى مېنى
كۈتۈۋالغان بۆلۈم باشلىقى يۈزىنى داپتەك قىلىپ:

— ئالدىمغا قۇرۇق قول كەلگىنىڭ نېمىسى، خىجىل
بولمىدىڭمۇ؟ ماڭا ئازراق نەپ بەرمىسەڭ قانداق بولى-
دۇ؟ سەن «قۇرۇق گەپكە مۈشۈكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ»
دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى ـ دە، ئىشخا-

2004.5

نىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ ئاشۇ كۈنى كەچتە شىركىتىمىزدىكى جۇ دىرېكتورنى تېپىپ، مېنىڭ جۇ دىرېكتورنىڭ ئۈستىدىن تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانلىقىم توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى تۈمەنگە سېتىپ بېرىپتۇ. مەن دەرھال شەھەر باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بىۋاستە ئەرز قىلماقچى بولدۇم. شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئاران سوراپ تېپىپ، ئىشىكتىن كىرسەم، ئۇ بىر سەتەڭ قىزنى قۇچاغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆپۈشۈۋاتقان ئىكەن، كۆپكۈندۈزدە ــ ھە! قاراڭ، بۇ داپيۈزلۈك بولماي ــ نېمە؟! مەن غېيىپدە كەينىمگە يېنىپ ئۇدۇل ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا باردىم. كىم بىلسۇن، ئەمدىلا شەھەر باشلىقى ئىشخانىسىدا كۆپكۈندۈزدە بىر سەتەڭ بىلەن ئىشقۋازلىق قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئېغىز ئېچىپ تۇرۇشىمغا، ئۇلار خۇددى مېنى، كۆزۈڭ ئېچىلماپتۇ، دېگەندەك قىلىپ، مازاق ئېتىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ماڭا:

—ئۆپۈشۈش دېگەن قانچىلىك ئىشتى، بەزى چوڭ باشلىقلار تېخى سەيلە ــ ساياھەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ يىغىن ئاچقاندا، ئاخشاملىرى ھەر بىرى بىردىن ساھىبجامالنى ھەمراھ قىلىپ ئۇخلايدۇ!— دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەسلىدىكى خېلىلا نېپىز يۈزۈم بىردىنلا داپشاقلىشىپ كەتتى. تالاغا چىقىپ قارىسام، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ يۈزى داپشاقلىشىپ كەتكەنىكەن. ئوغرى ــ يانچۇقچىلار كوچىلاردا بۇرۇنقىدەك تىمىسقىلاپ يۈرمەستىنلا قىزلارنىڭ بويندىكى ئالتۇن زەنجىرنى، ئەرلەرنىڭ قولىدىكى تېلېفونلارنى ئوچۇق ــ ئاشكارا بۇلاۋېتىپتۇ.

پاھىشەلەر ھېچبىر ئەيمەنمەستىن، تەپتارتىپمۇ قويماستىن كىشىلەرنىڭ قولىقىغا: «سىزگە ھەمراھ بولايمۇ؟» دەپ پىچىرلاۋېتىپتۇ. تىلەمچى باللار بۇرۇنقىدەك پۇچۇق قاچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر چەتتە يېتىرقاپ تۇرماستىن، كىشىلەرنىڭ پېشىگە رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلاردىن پۇل ئالغىلى تۇرۇپتۇ. بەزى سودا ــ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى شەخسلەر ئاچقان رېستورانلاردا بىكارغا يەپ ــ ئىچكەننى ئاز دەپ، يەنە تېخى ماڭىدىغان چېغىدا بىر نەچچە بۇلاق ئالىي دەرىجىلىك تاماكىلارنى زەللە ئېلىۋېتىپتۇ.

ھەتتا ئىزچىل تۇردە، پۇلنىڭ كېپى چىقسا ئۇيۇلىدۇ، يۈزى نېپىز دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئالىلقانداق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ، ساتقىلى تۇرۇپتۇ. بەزى رېژىسسورلار تېخى فىلىملىرى بازارغا سېلىنماي تۇرۇپ، يۈزىنى داپتەك قىلىپ: «مەن ئىشلىگەن فىلىم ھەممىدىن ياخشى، بېلەتنىڭ سېتىلىشىمۇ چوقۇم ھەممىدىن ياخشى بولىدۇ» دەپ ماختىنىۋېتىپتۇ. يەنە تېخى بەزى داڭلىق ئارتىس خېنىملارمۇ يۈزىنى چەمدەك قىلىپ: «مەن پاھىشە ئەمەس، بەچچىمۇ ئەمەس!» ــ دەپ جاكار سېلىۋېتىپتۇ. ئەجەبا، مۇشۇنداق داپيۈز دۇنيادا، مېنىڭ يۈزۈم داپشاق بولسا بولمامدىكەن؟!

---

گاۋيەنپىڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر خەنزۇچە «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ــ يىللىق 8 ــ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

## تۈزىتىش

دىققەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن 2004 ــ يىللىق 4 ــ سانىدىكى «موماملىڭ شىپالىق دورىلىرى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىلىدىغان «كامال ھېسامىدوفنىڭ ‹110 شىپالىق گىياھ› ناملىق كىتابىتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن» دېگەن جۈملە چۈشۈپ قېلىپ، ئابلىز ئورخۇننىڭ ئىسمى ئاپتور ئىسمى ئورنىغا يېزىلىپ قاپتۇ. شۇ ۋەجىدىن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئابلىز ئورخۇننى مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەييارلىغۇچىسى دەپ بىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز شۇنداقلا ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋە تەييارلىغۇچىسىدىن كەچۈرۈم سورايمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# زەھەرلىك ئادەم

2004 - 5

بىر كىشى سىرتقا چىققاندا زەھەرلىك يىلان چېقىۋاپتۇ. بىراق ئۇ كىشى ئۆلمەستىن يىلان ئۆلۈپ قاپتۇ. تېبابەت ساھەسىدىكىلەر بۇ كىشىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولسا كېرەك ، دەپ گۇمان قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپتۇ. ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىپتۇ. دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە: ئەسلىدە ئۇ كىشى مەلۇم شەھەردە ئۇزاق تۇرۇپ ئۆلچەمدىن يۇقىرى بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەسلەنگەن، ئېغىر بۇلغانغان دەريا سۈيى بىلەن سانائەت ئېسپىرتىدا تەڭشەلگەن ھاراق ئىچكەن. زەھەرلىك دېھقانچىلىق دورىسى پۈركۈلگەن مېۋە ـ چېۋە، فورمالىنغا چىلانغان ئۈندۈرمە، گۆڭگۈرت بىلەن ئىسلاپ ئاقارتىلغان «ئالىي دەرىجىلىك ئۇن»دا قىلىنغان تاماقلار ۋە ئەۋرەزدىن سۈزۈۋېلىنغان پاكىز «توڭگۇز مېيى»نى ئىستېمال قىلىغانلىقتىن، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا بەدەنگە يىغىلىپ زەھەرگە ئايلانغان. يىلاننىڭ زەھرىنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا تۆگمە بىلەن تۆگىنى سېلىشتۇرغاندەك ئىش بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن يىلان ئۆلۈپ ئادەم ساق قالغان.



«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلى تۈزگەن «ئا Q نىڭ تىرىملىكى» ناملىق توپلامدىن داۋۇت ئادىل تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى





# يۇمۇرلار



MIRAS

### توخۇنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

بىر ئوغرى بىر توخۇنى ئوغرىلاپ دەريا بويىدا توخۇنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇۋاتاتتى، بىر ساقچى كېلىپ قالدى، ئوغرى دەرھال توخۇنى دەرياغا تاشلىۋەتتى.

—نېمە قىلىۋاتىسەن، دەريادىكى نېمە ئۇ؟—سورىدى ساقچى.

—ئۇ بىر توخۇ،—دېدى ئوغرى،—ئۇ دەريادا چۆمۈلمەكچى ئىكەن، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ كىيىمگە قاراپ بېرىۋاتىمەن!

### مەن ئېشەك

كوچىدا بىر توپ كىشىلەر «پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى» ئېلىۋاتاتتى. بېلەتتە ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بولسا مۇكاپات چىقاتتى، رەسىمدىكى ھايۋان قانچە چوڭ بولسا مۇكاپاتنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولاتتى، بىر ئادەم بېلەتنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىۋېدى، 1- دەرىجىلىك مۇكاپات چىقىپ قالدى، ئۇ ئادەم خۇشاللىقنى باسالماي:

—مەن ئېشەك، مەن ئېشەك ئىكەنمەن،—دەپ ۋارقىراپلا كەتتى.

—نېمە ۋارقىرايسەن، ھايۋانلا بولىدىكەن، مۇكاپاتلىنىدۇ!—دېدى يېنىدا تۇرغان بىر كىشى ئاچچىقىنى باسالماي.

### چىشتىكى ئۆڭكۈر

چىش بۆلۈمىدە بىر بىمار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى.

—ۋۇي، چىشىڭىزدا چوڭ بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن، چىشىڭىزدا چوڭ بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن، چىشىڭىزدا چوڭ بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن،—دېدى چىش دوختۇرى.

—چىشىمدا ئۆڭكۈر بولغان تەقدىردىمۇ بۇنى شۇنداق ئۈچ قېتىم دېيىش كېرەكمىدۇ؟ - دېدى بىمار.

—ياقەي،—دېدى دوختۇر،—مەن بىرلا قېتىم دېدىم، قالغانلىرى چىشىڭىزدىكى ئۆڭكۈردىن قايتقان ئەكس سادا.

### ھېكايە

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئىككى بىمار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

—ھېكايەم قانداقراق ئىكەن؟

—ياخشىكەن، بىراق پېرسوناژلىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر سېستىرا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارغا ۋارقىردى:

—ھەي، دەرھال قولۇڭدىكى تېلېفون دەپتىرىنى جايىغا ئەكىرىۋەت!

### ئىشلىتىشكە پېتىنالامسىز

بىر خېرىدار بىر سودا سارىيىغا كىرىپ بىر قاپ تاماكا ئالدى ـ دە، شۇ يەردىلا چېكىشكە تەمشەلدى، مال ساتقۇچى بۇنى كۆرۈپ:

—كەچۈرۈڭ، بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ— دېدى.

— تاماكىنى مۇشۇ يەردىن ئالغان تۇرسام، چەكسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟—دېدى خېرىدار رەنجىپ.

—ھەم، ـ دېدى مال ساتقۇچى—بىز بۇ يەردە تاھارەت قەغىزىمۇ ساتىمىز، ئۇنىمۇ مۇشۇ يەردىلا ئىشلىتىشكە پېتىنالامسىز؟

### ھاراقكەشنىڭ ئىسپاتى

ساقچى بىر مەستنى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

—بۇ راستلا سېنىڭ ئۆيۈڭمۇ؟—دەپ سورىدى.

—ئەگەر سىز ماڭا ئىشكىنى ئېچىپ بەرسىڭىز، ھازىرلا سىزگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن—دېدى مەست.

ساقچى ئىشكىنى ئېچىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

—سىز ئاۋۇ روياڭنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ مېنىڭكى، ئاۋۇ تېلېۋىزورنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇمۇ مېنىڭ.

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى.

—بۇ مېنىڭ ھۇجرام،—دېدى مەست،—ئاۋۇ كارىۋاتنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭدا ئۇخلاۋاتقان مېنىڭ ئايالىم، سىز يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتقان ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟

—نېمە؟ ئۇ كىم—دېدى ساقچى شۈبھىلىنىپ.

—ئۇ دېگەن مەن—دېدى مەست.

### سۇغا شۇڭغۇش

بىر كۈنى ئۈچ بالا زېرىكىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

شياۋسۇڭ:

—مېنىڭ ئاكام دېگەن سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ 20 مىنۇت تۇرالايدۇ.

شياۋمىڭ:

—ئۇ قانچىلىك ئىشتى، مېنىڭ ھەدەم 30 مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرالايدۇ.

—ھەم —دېدى شياۋجاڭ—بۇلار نېمىگە ئەرزىيتتى، مېنىڭ تاغام دېگەن ئۆتكەن يىلى سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋىدى، تېخىچە قايتىپ چىقمىدى.

### قانداق يەيسىز

بىر ئادەم ناھايىتى ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا كىردى.

دوختۇر: نېمە بولدىڭىز؟

بىمار: باشقىلار مېنى نېرۋا كېسەللى بار دەۋاتىدۇ.

دوختۇر: نېمىشقا؟

بىمار: چۈنكى مەن ئېيىك كۆڭلەككە ئامراق ئىدىم.

دوختۇر: بۇنداق بولسا نېمە بولۇپتۇ، ئېيىك كۆڭلەككە مەنمۇ ئامراق.

بىمار: شۇنداقمۇ، بەك ياخشى بولدى،سىز ئۇنى مايدا قورۇپ يەمسىز ياكى دۇملەپمۇ؟

ئىلھامجان نىياز(ت)

### قونچاق

ئېرى دىرېكتورلۇقتا ئۇستۇرۇلۇپتىكەن، شىركەتتىن ئۇنىڭغا بىر نەپەر ئايال كاتىپ سەپلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى ئەرنى سوراققا تارتىپ، بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز قالغان ئەر نائىلاج:

—ئۇ كاتىپ خۇددى جانسىز قونچاقنىڭ ئۆزىلا ئىكەن،—دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان قىزى دادىسىدىن قىزىقسىنىپ سوراپتۇ:

—دادا سىز ئۇ قونچاقنى ياتقۇزۇپ قويسىڭىز ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالامدىكەن؟

### تەڭرى بىلەن بىللە

يوپىنىڭ كىچىك قىزى 2 ـ قەۋەتتە ئۇخلايدىكەن، بىر چاغدا قىز ئۇشتۇمتۇت يىغلاپ كېتىپتۇ. يوپ ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتىكەن، قىزى يىغلاپ تۇرۇپ:

—دادا مەن قورقىدىكەنمەن،—دەپتۇ.

—قورقمىغىن قىزىم، تەڭرى سېنىڭ بىلەن بىللە،—دەپتۇ.

—دادا سىز تەڭرى بىلەن بىللە يېتىڭ، مەن پەسكە چۈشۈپ ئاپام بىلەن بىللە ياتاي بولامدۇ؟

### ئاتا ـ بالا

—دادا، بۈگۈن مۇئەللىم مېنى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى

چالا قۇيرۇق، دادىسى قانداق بولسا بالىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟

—سەن يەنە نېمە ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ ـ ھە، ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇر.

**سۇ ئىچىش**

ئاتا ـ ئانا يەتتە ياشلىق ئوغلىنى ئاران ئۇخلىتىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپتۇ ـ دە، ئۆزلىرىمۇ ئۇخلاشقا تەرەددۇتلىنىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپتۇ. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ بالا ياتاق ئۆيدە تۇرۇپ «دادا» دەپ ۋارقىراپتۇ:

—ھە، نېمە ئىش بولدى؟—سوراپتۇ دادىسى.

—مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، بىر ئىستاكان سۇ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

—سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ، قاراڭغۇدىن قورقماسلىقىڭ كېرەك.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ بالا يەنە ۋارقىراپتۇ:

—دادا مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم!

—مەن ساڭا دېدىمغۇ، ئۆزۈڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قويۇپ ئىچ.

—سىز ماڭا ئەكىلىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ سەپرايى ئۆرلەپتۇ:

—يەنە كاكىرايدىغان بولساڭ مەن سېنى قانداق ئەدەپلەيمەنكىن؟

بۇنى ئاڭلىغان ئوغلى سەل جىم بولغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئېچىپتۇ:

—مېنى ئەدەپلىگىلى كەلگەن چېغىڭىزدا خاپا بولماي بىر ئىستاكان سۇ ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز!

**ئىسكىرىپكا**

مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىسكىرىپكا مەشق قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىسكىرىپكا قېپىنى ئېچىپ ئىچىدە بىر تال ئاپتوماتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۆكسىلى قالماپتۇ:

—ئاپلا، تازا چاتاق بوپتۇ، دادام مېنىڭ ئىسكىرىپكامنى ئېلىپ بانكىغا كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

**20 يىل كۈتۈش**

بىر ئوقۇتقۇچى قىزىل چىراغقا دىققەت قىلمايلا مېڭىپتىكەن، قاتناش ساقچىسى ئۇنى توسۇۋاپتۇ.

ئوقۇتقۇچى: سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دەرسكە كېچەكىپ قالىدىغان بولدۇم.

ساقچى: سىز ئوقۇتقۇچى ئىكەنسىز ـ دە، خۇداغا مىڭ شۈكۈر، مەن سىزدەك بىرەر ئوقۇتقۇچىنى ساقلىغىلى 20 يىل بولدى، «قىزىل چىراغتىن ئۆتمەيمەن» دېگەن سۆزنى 100 قېتىم يېزىڭ.

**خالا جاي**

يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم ـ تەربىيە قىلغىلى بىر قاقاس ئارالغا بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر يېڭى ئەسكەر بۇ ئارالدىكى بىردىنبىر كىچىك ئۆينى كۆرسىتىپ، كونا ئەسكەردىن سوراپتۇ:

—ئۇ خالامۇ؟

—بۇرادەر ئۇ خالا ئەمەس ئاشخانا، بۇ ئارالدا ئاشخانىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خالا.

**پەرۋاسىزلىق**

بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭدە بىر پاي ئوق بىر ئەسكەرنىڭ بىلىكىنى چېقىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋايساپ كېتىپتۇ:

—پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ بىلىكىم چېقىلىپ كەتتى!

بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر ئەسكەر پەرۋاسىزلا ئۇنىڭغا:

—نېمىگە بۇنچە ۋايسايسەن، قارىماسەن كېنىڭا. مېڭىسىنىڭ قېتىقى چۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ «غىڭ»قىلماي شۈك ياتامدۇ!—دەپتۇ.

**ئوقۇش پۈتكۈزۈش خاتىرىسى**

ئوقۇش پۈتكۈزەلمەي قېپقالغان بىر ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. «ساۋاقداشلار، مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، سىلەر ئالدى بىلەن ماڭغاچ تۇرۇڭلار!»

**دېموكراتىك دۆلەت**

ئىچكى كابىنېتنىڭ زۇڭلىسى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ مۇنداق مەزمۇندىكى بىر پارچە ھال سوراش تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ: «پارلامېنت ئەزالىرى سىزنىڭ تېزرەك ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىڭىزغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشتى، بۇنىڭغا 187 ئاۋاز قوشۇلدى، 186 ئاۋاز قارشى تۇردى.»

قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتمىن

# ھېكمەتلەر



△ ئىنسانلار ھەقىقەت گۆھىرىنى پەقەت چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

△ ھەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ، پەقەت ھاماقەتلىكلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، تېۋىپلار بۇ كېسەلنى ئەملەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

△ دۇنيادا بايلىققا نادانلار ئېرىشىپ، جاپانى ئالىملار تارتىدۇ. ناۋادا، رىزىق ئەقىلگە قاراپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھايۋانلار ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى.

△ دوستلۇق، ئېزىتقۇ، ئەنقا ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس، بۇ ئۈچ نەرسە مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسمىدۇر.

△ خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشتۇر. بىراۋنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما. بۇنداق قىلساڭ دوستلار سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

△ دوستلىرىڭنى ئارىلاپ يوقلا، شۇندىلا دوستلۇقنى كۈچەيتەلەيسەن، كىمكى بېرىش ـ كېلىشنى كۆپ قىلسا، بۇ ئىش ئۇنى دوستلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

△ سۆز زىننەت، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر. كۆپ سۆزلىمە، مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا ئەزەلدىن پۇشايمان يەپ باقمىدىم، ئەمما سۆزلىگىنىمگە دائىم ئۆكۈنۈپ يۈرىمەن.

△ مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر.

△ ئەگەر سەن ئەقىللىق بولساڭ، كەسكىن بول. شۈبھىسىزكى، ئىككىلىنىش پىكرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر. ئىمكانىيىتىڭ بولسا، دۈشمەنگە بىر كۈنمۇ پۇرسەت بەرمە، دۈشمەن شۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشىشتىن ئاۋۋال سەن قول سالغىن.

△ مەن كىشىلەردىن ۋاپادار دوست ھەققىدە سورىسام ئۇلار ماڭا:

—بۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ يولى يوق، ئەگەر تاپالىساڭ ئەركىن ئادەملەرنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلغىن، دۇنيادا

2004.5

بۇنداق كىشىلەرنى تاپماق بەسى مۇشكۇل ـــ دېيىشتى.

△ دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم ئېھتىيات قىل، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم. مۇبادا دوستۇڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قالسا، ئۇ ساڭا ئەجەللىك يېرىڭنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق زەربە بېرىشى مۇمكىن.

△ پەسەندىلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن. قوپاللىق قىل، ئۇ ئىتائەت قىلىپ، باش ئەگكەن ھالدا ئۆزى ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتالايدۇ، ئەمما ئۇ تۆمۈرگە پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.

△ سەن ئالىيجاناب كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ،ئۇ ساڭا بويسۇنىدۇ. ناكەس، پەسەندىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ شىللەڭگە مىنىدۇ، شارائىتى بار تۇرۇپ قىلىچ ئورنىغا ياخشىلىق ئىشلىتىش خۇددى ياخشىلىق ئورنىدا قىلىچ ئىشلەتكەندەكلا زىيانلىقتۇر.

△ باياشاتچىلىقتا بۇرادەرچىلىكنى داۋا قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ھەقىقىي بۇرادەرچىلىكنى پەقەت قىيىن (ھالقىلىق) پەيتلەردىلا بىلگىلى بولىدۇ.

△ كېڭەش قىل، مەسلىھەتلەش. ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئوچۇق ئىشلارمۇ، غۇۋا ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ پىكرى بىر ئادەمنىڭكىدىن ئارتۇق، ئۈچ كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلماستۇر.

△ ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ ئۇنى يېيىۋەتتى، دەپ ئۆزگىلەرنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. قەلبى ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سىغدۇرالمىغانىكەن، مەخپىيەتلىك ئامانەت قويۇلغان قەلب ئۇنىڭدىنمۇ تارراقتۇر.

△ ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىندىشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ يېتەرلىك ئەيىبلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.

△ كىشىلەر ھەمىشە ئۆزى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ھالبۇكى، جان بىر، غەم كۆپتۇر. ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ چېكى بولمايدۇ.

△ گەرچە لاياقەتسىز تۇپراق بولسىمۇ، ياخشىلىق تېرىغىن (قىلغىن)، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن، ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. ياخشى ئىشقا گەرچە ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى پەقەت تېرىغان كىشىلەرلا كۆرىدۇ.

△ ئەي ئوغلۇم، جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىم قىلغىن، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە شەپقەت كۆزۈڭ بىلەن باق، ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى ھۆرمەتلە، كىچىكلىرىگە رەھىم قىل.

△ ئەگەر سەن سۈيۈڭنى ئەخلەت چۈشكەن دەپ ئىچمىسەڭ، سۇسىز قالىسەن. قانداق كىشىنىڭ سۈيى ساپ بولۇپ باققان؟ يەنە قانداق كىشىنىڭ ھەممە ئىشى دۇرۇس دەپ قارالغان؟! بىر كىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى، ئاشۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتى.

△ دۇنيادا پەس كىشىلەر ئۇلۇغلىنىپ، ئۇلۇغلارنىڭ بولسا يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەن، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا بەئەينى بىر دېڭىزغا ئوخشايدۇ، دېڭىزنىڭ ئاستى مەرۋايىتلار بىلەن تولغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا چىرىغان جەسەتلەر لەيلەپ يۈرىدۇ.

△ ئەڭ يامان يىرتقۇچلارنىڭمۇ ئالدىنى توسىدىغان بىرەر نەرسە بولماي قالمايدۇ، يامان ئادەملەرنىڭ بولسا ئالدىنى توسىدىغان نەرسە چىقمايدۇ. يىرتقۇچلار ئازار بەرمىگەن ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئادەملەر ئازار بەرمىگەن بىرمۇ ئىنساننى ئۇچرىتالمايسەن.

△ سەن قانچە قېتىم توسسەن، ھالبۇكى، ئۆزۈڭ يانمايسەن. قانچە قېتىم نەسىھەت قىلسەنۇ ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن؟! ھەي، بىلەيتاش، سەن قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىكلىتىپ، نېمىشقا ئۆزۈڭ كەسمەيدىغانسەن؟!

---

بۇ ھېكمەتلەر ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەپ ئاچقۇچى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

تەييارلىغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

# «نادىر ھېكايەتلەر» دىن نەمۇنىلەر



2004 . 5

تەھرىر ئىلاۋىسى:

«نادىر ھېكايەتلەر» ۋە «چاھار ماقالىلەر» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندى 11 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 12 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشىغان. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسىرى بولۇپ، بۇلاردا ئۆز زامانىدىن ھالقىغان، ئىنسانىيەتكە بەخت – سائادەت يارىتىشتا كىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان ھېكمەت ۋە ئەخلاقىي مەزمۇنلار گەۋدىلەنگەن.

بۇ زات ئەينى دەۋردە ئىلىم – پەنگە ئىجتىھات قىلغان يېتۈك ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ھاياتىدىن نەمۇنىلەرنى توپلاپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچقان. بۇ خىل ماقالىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم – پەن تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئىلىم سەھنىسىدە زور تەسىرگە ئىگە بولغان. 19 – ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭ بىر نەچچە كىتابى، جۈملىدىن «نادىر ھېكايەتلەر» ئىنگلىز ۋە رۇسچە، ئوردۇ ۋە ئوسمانلى تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ئىلىم – سەنئەت دۇنياسىدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدا ئۇنىڭ «نادىر ھېكايەتلەر» ناملىق كىتابى ھازىرقى ئۆزبېك كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ھېكايەتلەردە كلاسسىكلارنىڭ ئىلىم – سەنئەتتە ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ ئىشلەش ئىستىلى، جۈملىدىن ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر، شائىرلارغا «شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرلارنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە»، «شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلىرى ئۆز قىممىتىنى ھازىرغىچە ساقلىغان. بۇ زات ئۆزى قاتناشقان ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايەتلەر ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلغان. بۈيۈك قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر «شاھنامە»نىڭ ئاپتورى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ قەلەم ھەققىگە ئائىت ۋەقەلەرمۇ يۇقىرىدىكى ھېكايەتلەردە قەيت قىلىنغان. بىز بۇ ھېكايەتلەردىن بىر قانچىسىنى تونۇشتۇردۇق.

زامانىسىنىڭ يېتۈك شائىرى ۋە ئالىمى نىزامىي ئەرۇزى 11 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدا سەمەرقەندتە تۇغۇلغان.

بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن غۇر شەھىرى خانلىرى خىزمىتىگە كەتكەن. ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «مەجمەئۇننەۋا-

دىر» نى مۇئەللىپ شۇ سۇلالە شاھزادىلىرىدىن ئەبۇلھە-
سەن ھېسامىدىن ئەلىگە بېغىشلىغان. مەزكۇر ئەسەر كېيىن
«چاھار ماقالە» دەپمۇ ئاتىلىپ يۈرگەن.

غۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ شەنسابىيە خانلىرى ئالىي
شەنساب دەپمۇ ئاتالغاندى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى شەن-
ساب ـ ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپنىڭ زامانىدىشى بولغان. شەن-
سابىيلەر ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى غۇر
پادىشاھلىرىنىڭ پايتەختى فىرۇزكوھتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان
(1148 ـ 1215 ـ يىللاردا). بۇ شاھلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى
جاھانسوز لەقەملىك ئەلائۇددىن ھۈسەيىن بولۇپ، نىزامىي
ئۆز ئەسىرىدە ئۇنى بىر نەچچە قېتىم تىلغا ئالغان. ئەسەر
يېزىلىۋاتقاندا ئۇ ھايات ئىدى. ئەلائۇددىن ھىراتنىڭ يې-
نىدا سۇلتان سەنجەر (1118 ـ 1158) بىلەن(1152 ـ يىلى)
بولغان جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن. ئەنە شۇ
جەڭدە نىزامىي ئەرۇزى ئەلائۇددىن بىلەن ھەمراھ بول-
غان.

نىزامىي ئەرۇزى ئۆز ئەسىرىنى 1156 ـ ، 1157 ـ يىل-
لىرى بامىياندا، شەنسابىيلارنىڭ كىچىك ھۆكۈمدارلىرى
ھۇزۇرىدا پۈتكەن.

ئەسەر يېزىلغان دەۋردە ئەلائۇددىن ھۈسەيىن ھاك-
مىيەت ئۈستىدە بولغان. نىزامىي ئەرۇزىگە زاماندىش مۇ-
ئەررىخ شەدرىددىن ئەلى ئەلھۈسەيىنىڭ «ئەخبار ئەد-
دەۋلەت ئەسسەلجۇقىيە» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ۋەقە ئەس-
لەپ ئۆتۈلگەن.

سەلجۇقىيلارغا تەۋە غەزنەۋى ھۆكۈمدارلىرىدىن
بەھرامشاھ (1118 ـ 1152) دەۋرىدە غەزنە شەھرى بىر
ئاز ئاۋات ئىدى.

شائىر ۋە پازىللاردىن سانائىي، سوزەنىي، «كەلىلە ۋە
دەمنە»نىڭ تەرجىمانى ئەبۇل مەئالى نەسرۇللا شۇ يەردە
ياشاپ ئىجاد قىلغان. غۇرىي ھۆكۈمدارلار بەھرامشاھ بى-
لەن يېقىن مۇئامىلىدە بولغان، ئەلائۇددىنىنىڭ ئاكىسى
قۇتبىدىن ئىنىلىرى بىلەن ئارازلاشقان غەزنىنگە كېتىپ،
بەھرامشاھ سارىيىدا ياشىغان. نامۇناسىپ ئىشلار بىلەن
شۇغۇللانغانلىقتىن، بەھرامشاھ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. قۇتبى-
دىنىنىڭ ئىنىسى سەيپىدىن سۇرىي ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە
چوڭ قوشۇن بىلەن غەزنىنگە يۈرۈش قىلغان. بۇ چاغدا
بەھرامشاھ ھىندىستان تەرەپكە قاچقان. لېكىن، قوشۇن
بىلەن تېزلا قايتىپ كېلىپ سەيپىدىنىنى قولغا چۈشۈرۈپ ۋە
ئۇنى ۋەزىرى مۇساۋىي بىلەن بىرگە دارغا ئاسقان. شۇ-
نىڭدىن كېيىن غەزنىنگە ئەلائۇددىن لەشكەر تارتىپ، قات-
تىق جەڭدە بەھرامشاھ قوشۇنلىرى تارمار قىلىنغان ۋە
ئەلائۇددىن شەھەرگە ئوت قويۇشنى ۋە ھېچكىمگە شەپ-
قەت قىلماسلىقنى بۇيرۇق قىلغان. تارىخچى سەدرىددىن
ئەلى ئەلھۈسەيىنىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، يانغىن پەيتىدە
مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىست ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ
1136 ـ يىلى ئىسپىھاندىن ئېلىپ كېتىلگەن ۋە غەزنىدە
ساقلانغان بۈيۈك كۇتۇپخانىسى كۈلگە ئايلاندۇرۇلغان.

كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئەسەرنىڭ كىمگە بېغىشلان-
غانلىقى ۋە بېغىشلانغۇچىنىڭ سۈپىتى، نەسەبلىرى بايان
قىلىنغان. مۇقەددىمىدە كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرى ۋە
مەقسىتى ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىكى تۆت پەسىل ۋە بىر ھې-
كايەتتە نىزامىي ئەرۇزىنىڭ دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى—يەر
سېفراسى، ماددا ئالماشتۇرۇش، سەزگۈ ئەزالىرى ھەمدە
ئۇلارنىڭ روللىرى ھېسسىياتلار، تۇيغۇ، تەپەككۇر ھەم
بىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى بېرىلگەن.

كېيىنكى تۆت ماقالىنىڭ مۇندەرىجىسى مۇنداق:

1. دەبىرلىك (مىرزا، كاتىپ) ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە
يېتۈك دەبىر سۈپەتلىرى.

2. شېئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىر سالاھىيىتى.

3. يۇلتۇز ئىلمىنىڭ ۋە مۇنەججىملىكنىڭ ماھىيىتى.

4. تىب ئىلمىنىڭ ماھىيىتى، تېۋىپلەر.

نىزامىي مۇنداق دەيدۇ:

مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى، شاھ شۆھرىتى
ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ تارقىلىشى شائىرغا، تۇرمۇش تەدبىر-
لىرىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى مۇنەججىمگە، بەدەن سالامەتلى-
كى تېۋىپقا باغلىق. ھەر بىر ماقالىدە مۇئەللىپ تەرىپىدىن
ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايىلەر، پىكىرلەر، مەشھۇر كىشىلەر
ھاياتىدىن ئېلىنغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، ۋاقىئى ـ
ھېكايىلەر ھېكمەتلىك بىلەن مۇستەھكەملىنىدۇ. ھەر بىر ما-
قالە ئون، ئون ئىككى ھېكايەت بىلەن زىننەتلەنگەن.
مەزكۇر ھېكايەتلەردە بۇ تۆت كەسىپ ئىگىسىنىڭ مەملى-
كەت ئاۋاتلىقى ھەم خەلقنىڭ پاراۋانلىقىغا كۆپرەك مەنپە-

ئەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئىجادىي مېھنىتى ھەر تە-
رەپلىمە ئىسپاتلىنىدۇ. نىزامىي ئەرۇزى ھەر بىر كەسىپكە
تەبىر بېرىپ، شۇ كەسىپ ئىگىسىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە
بىلىم سەۋىيىسى قايسى دەرىجىدە بولۇشى لازىملىقىنىمۇ
ئۇقتۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇ يەردىكى مۇئەللىپ تەرىپى-
دىن قويۇلغان مەزكۇر تەلەپلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز
قىممىتى بىلەن جارىگىلايدۇ. بۇنداق بولۇشى، نىزامىي ئە-
رۇزىنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئۆز زامانداشلىرىدىن خېلى ئىلا-
گىرىلەپ كەتكەنلىكى ۋە ماتېرىيالىست ئالىم بولغانلىقىدىن
دالالەت بېرىدۇ.

«مەجمە ئۇننەۋادىر» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان
خەلقلىرى ئىلىم ـ پېنى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىي ئېستېتىك
قاراشلىرى، تارىخى، ئۇ ياكى بۇ يازغۇچىنىڭ ھاياتى
ھەمدە ئىجادىي مىراسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە ھېساب-
لىنىدۇ. چۈنكى مۇئەللىپ كىتابتا ئالدىن ئۆتكەن ھەمدە
ئۆزىگە زامانداش بولغان كۆپلىگەن ئاسترونوم، ماتېما-
تىك، تېببىي ئالىملار، ئەدەبىياتشۇناسلار، تارىخچىلار،
شائىرلار ھەم ئىلىم ـ پەننىڭ باشقا ساھەلىرىنىڭ نامىنىمۇ
تىلغا ئالىدۇ. ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ. تۈر-
لۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئەسلەپ ئۆتىدۇ، باھالايدۇ.
شۇنداقلا رىسالىدە «شېئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىر-
نىڭ سالاھىيىتى»، «شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق بولۇ-
شى» قاتارلىق ماقالىلىرىدە مۇئەللىپ ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ
ئەھمىيەتلىك مەسىلە بولۇۋاتقان ئىجادكارنىڭ بۇرچى،
مەسئۇلىيىتى، ئۆزىگە تەلەپچان، ھەمىشە ئىزدىنىشتە، ئۆ-
گىنىشتە بولۇشى خۇسۇسىدا جەددىي پىكىرلەرنى يازغان.

«ئەگەر شائىر ياشلىق مەزگىلىدە ۋە يىگىتلىك دەۋرى-
دە ــ دەپ يازىدۇ نىزامىي ئەرۇزى ــ ئۆتكەن شائىرلار-
نىڭ شېئىرلىرىدىن 20 مىڭ بېيىتنى خاتىرىسىدە تۇتمىسا،
زامانداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 10 مىڭ مىسرانى ياد بىلە-
مىسە، ئۇستازلار دىۋانىنى دائىم مۇھاكىمە قىلمىسا، سۆز-
نىڭ نازۇك تەرەپلىرى ۋە قىيىن تەرەپلىرىنى قانداق يول
بىلەن ھەل قىلغانلىقىنى ئۆگەنمىسە، يۇقىرى دەرىجىگە
يەتمەيدۇ ھەمدە شېئىر ناۋالىرى ھەم يوللىرى ئۇنىڭ تە-
بىئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپمايدۇ. شېئىرنىڭ ياخشى ياكى
نۇقسانلىق تەرەپلىرى ئەقلىنىڭ سەھىپىسىدە ئۆز ئەكسىنى
كۆرسەتمەيدۇ. سۆزلىرى بۈيۈكلۈك تەرەپكە، ئۆزى كاما-
لەتسىرى قاراپ يۈرەلمەيدۇ». ئىجادقا پەرۋاسىز قاراي-
دىغان يارىماس شائىرلارنى كۆرەلىگەن ئالىم ياش ئى-
جادكارلارغا، ئىستىبداتلىق قەلەمكەشلەرگە غەمخورلۇق
قىلىش، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە جەددىي ئېتىبار بېرىش
لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. «شائىر ياش بولسىمۇ،
شېئىرلىرى ياخشى بولمىسا، ئەمما قابىلىيەتلىك بولسا،
ئۇنىڭ ياخشى شائىر بولۇشىغا ئۈمىد باغلىسا بولىدۇ. ئا-
لىيجانابلىق قائىدىسى بويىچە بۇنداق شائىرنىڭ تەربىيە-
سىگە كىرىشىش ۋاجىپ، ئۇ ھەقتە قايغۇرۇش پەرز، مېھ-
رىبانلىق كۆرسىتىش شەرتتۇر» دەپ تەكىتلەيدۇ. مۇئەل-
لىپ شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور، ياش ئىجادكارلار شېئىرىيەت
نەزەرىيىسىگە دائىر ئەجدادلار ياراتقان ئەسەرلەرنى پۇختا
بىلىشى، خۇسۇسەن ئەرۇز ۋە قاپىيە مەسىلىلىرىگە دائىر
كىتابلارنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈ-
زىدۇ ھەمدە مۇھاكىمە قىلىش لازىم بولغان ئىلمىي رىسا-
لىلەرنىڭ ناملىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە شەكىل ۋە مەزمۇن بىرلىكى، شېئى-
رىيەتنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىغا تەسىرى، بەدىئىي ئېستې-
تىك، تەلىم ـ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئەجدادلارنىڭ ماد-
دىي، ئەدەبىي مىراسلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراش، ئۇلارنى
توپلاش، كۆچۈرۈپ كىتاب قىلىش خۇسۇسىدىكى مۇلاھە-
زىلىرى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. شائىر ۋە شېئىرنىڭ قاند-
داق بولۇشى، ياخشى بەدىئىي ئەسەرنىڭ قەدرى، مەڭگۈ
ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى خۇسۇسىدىكى بۇ خىل مۇ-
لاھىزىلەر بەكمۇ قىزىقارلىقتۇر. مۇئەللىپنىڭ پىكىرىچە،
ھۆكۈمرانلار ئىجادكارلارغا، شائىرلارغا ئېتىبار بېرىشى
لازىم. ئۇلارنى ئەزىز كۆرۈش، ئەسەرلىرىنى قەدىرلىشى
زۆرۈر. «چۈنكى، پادىشاھ... ئۆلۈم پەرمانىنى ئالغاندا،
ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن، خەزىنىسى ۋە قىممەت باھا نەر-
سىلىرىدىن ھېچبىر ئىز قالمايدۇ. پەقەت ناملا شائىرلار-
نىڭ شېئىرى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك قالىدۇ. شائىر مەجلىس-
لەردە شېرىن كالام ۋە دوستلار ئولتۇرۇشلىرىدا ئوچۇق
كۆڭۈل بولۇشى لازىم. شېئىرلىرى بولسا، ھايات سەھىپە-
سىدىن ئورۇن ئالىدىغان، پاكىز تەبىئەتلىك كىشىلەر تىلى-
دىن چۈشمەيدىغان، بايازلارغا يېزىپ ئىلىنىدىغان ۋە

شەھەرلەردە ئوقۇلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى زۆرۈر».

ياخشى بەدئىي ئەسەرنىڭ ئەبەدىيلىكى، ئىنسان كامالىتىگە، ئېستېتىك دىتىغا تەسىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەندە نىزامىي ئەرۇزى ھەنزۇلەئى بادغىسى ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي ۋە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىلەرنىڭ نامىنى ھەمدە ئەسەرلىرىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئاددىي قۇشچى ئەخمەد ئىبنى ئابدۇللا ئەل خوجەستانى بادغىسنىڭ ئىككى بېيىتى تەسىرىدە جەڭگىۋار سىپاھى، مەشھۇر لەشكەر بېشى، ئاقىبەت نەتىجىدە ھۆكۈمدار دەرىجىسىگە يېتىدۇ. پارس تىلىدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسچىسى رۇداكىينىڭ «بويى جويى مۇليان ئايەد ھەمي» دەپ باشلىنىدىغان مەشھۇر قەسىدىسى ئەمىر ناسىر ئىبن ئەھمەد باشچىلىقىدىكى ئەربابلارنىڭ ۋەتەنگە مېھرىنى جۇشقۇنلىتىدۇ، سۇلتان مەھمۇد «شاھنامە»نى قەدىرلىمىدى. فىردەۋسىنى تەھقىرلىدى، لېكىن، بۇ ئەسەر ھامان كىشىلەرنى گۇمانىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق روھىدا تەربىيىلەپ كەلمەكتە. مۇئەللىپ ئۇنلىغان شائىر، ئالىملارنىڭ ئىجادىي مىسالىدا ئەنە شۇ خىلدىكى مۇلاھىزىلەرنى بايان قىلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى، بولۇپمۇ، ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىلىرى ھامان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«مەجمەئۇننەۋادىر»نىڭ تۆت قوليازمىسى بار. بۇلاردىن ئىككىسى لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيىدا، بىرى تېھراندا ۋە يەنە بىرى ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا. 1432 ــ يىلى ھىراتتا بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئىستانبۇل نۇسخىسى ئەڭ نوپۇزلۇق نۇسخىدۇر.

نىزامىي ئەرۇزىدىن كېيىن ئۆتكەن كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپلا قالماي، ئەسەرنى ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلىش ئىشى ئۆتكەن ئەسىردە باشلانغان. ئىنگلىز ئالىمى ئېدۋارد بىرون ئايرىم تېكست نۇقسانلىرى بولغان ئاشۇ ھىرات نۇسخىسىدىن ئىنگلىز تىلىغا ئاغدۇرۇپ 1899 ــ يىلى نەشر قىلدۇرغان. 1905 ــ يىلى ئۇ ئىران ئالىمى مۇھەممەد ئىبىن ئابدۇۋاھاپ قەزۋىنىگە «مەجمەئۇننەۋادىر»نىڭ تەنقىدىي تېكستىنى تەييارلاپ، كىرىش سۆز ۋە ئىزاھلار بىلەن 1910 ــ يىلى نەشر قىلدۇرغان. 1957 ــ يىلى ئىران ئالىمى مۇھەممەد مۇئىنمۇ ئۆز تەنقىدىي مەتىنىنى (تېكستىنى) باسمىدىن چىقارغان. ئەسەرنىڭ 1887 ــ يىلى ۋە 1888 ــ يىللىرىدىكى تاش باسما نەشرلىرىمۇ بار. لېكىن بۇلارنى ئىشەنچلىك دېگىلى بولمايدۇ. 1921 ــ يىلى ئېدۋارد بىرون ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى تۈزىتىشلەر بىلەن قايتا نەشر قىلدۇردى.

ئەسەرنىڭ ئوردۇ ھەم ئوسمانلى تۈرك تىللىرىغا ئۆرۈلگەن نەشرلىرىمۇ بار. مۇھەممەد مۇئىن تەييارلىغان تېكست ئاساسىدا «مەجمەئۇننەۋادىر»نىڭ س. بايېۋىسكى ھەمدە ز. ۋوروژىكىنا تەييارلىغان رۇس تىلىدىكى ئاكادېمىك نۇسخىسى 1963 ــ يىلى نەشر قىلىنغان. مەزكۇر نەشرىدە ئاتاقلىق شەرقشۇناس، پروفېسسور ئا. بولدىرۋىنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئېلان قىلىنغان. ئاپتور ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمران بولغان بىر زامانىنىڭ ئىجادكارى سۈپىتىدە ئايرىم چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان. تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا دىنىي چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگەن ئايرىم سۆزلەر، ئىبارە ۋە جۈملىلەر، شەخسىي كەچۈرمىلىرى بىلەن تەپسىلاتلار ئىخچاملاشتۇرۇلغان. مەزكۇر تەرجىمە ئاممىۋى نەشر بولغانلىقتىن، بەزى ھېكايەتلەر قىسقارتىلغان ياكى قالدۇرۇلغان.

شېئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا

شائىرلىق شۇنداق سەنئەتكى، (شائىر) بۇ سەنئەت ئارقىلىق ھاياجانلاندۇرغۇچى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ، تەسىرچان قىياسلارنى بىر ــ بىرىگە ئۇلايدۇ، ئۇ شۇنداق يول بىلەن، مەسىلەن: كىچىك مەنىنى چوڭغا، چوڭ مەنىنى بولسا كىچىككە ئايلاندۇرىدۇ. چىرايلىقنى خۇنۇك لىباستا كۆرسىتىدۇ. خۇنۇك نەرسىنى چىرايلىق سۈرەتتە جىلۋىلەندۈرىدۇ. ئىلھام سەنئىتى بىلەن غەزەپ ھەمدە ھېسسىي كۈچلەرنى قوزغىتىدۇ. نەتىجىدە ئادەملەر تەبىئىتىدە قايغۇ ياكى خۇشاللىق پەيدا بولىدۇ. شائىر بولسا ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇ-

شى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بىرىنچى ھېكايەت

ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللا ئەل خوجەستانىدىن: «سەن ئاددىي ئېشەك باققۇچى ئىدىڭ، قانداق قىلىپ خۇراسان ئەمىرى بولدۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ دېدى: «خوجەستاندىكى بادغىستا ھەنزەلەئى بادغىسىنىڭ دىۋانىنى ئوقۇغان ئىدىم، كۆزۈم مانا بۇ ئىككى بېيتكە چۈشتى:

نېسىۋەڭ يىرتقۇچ شىر ئاغزىدا بولسا، ئاغزىدىن تارتىپ ئال، قورقما، بەردەم بول،

يا ئىززەت، ئۇلۇغلۇق، شەۋكەتۇ شان تاپ، يا جەڭدە يۈزمۇيۈز مەردلىك بىلەن ئۆل.

شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر ئىشتىياق پەيدا بولدىكى، مەن ئەمدى ئۆزۈم ياشاپ تۇرغان بۇ ھالەتكە زادىلا رازى بولالماس ھالغا كەلدىم. ئېشەكلەرنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئات ئالدىم. ۋەتىنىمدىن كېتىپ، ياقۇپ ئىبنى ئەللەيس ھەممەدە ئەمرۇ ئىبنى ئەللەيسنىڭ خىزمىتىگە كىردىم.

سەففارىيلار دۆلىتىنىڭ قۇدرەت لاچىنى توققۇزىنچى ئاسماندا پەرۋازدا ئىدى. ئەلى كىچىك ئۇكا بولغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپمۇ، ئەمرۇمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈشەر ئىدى. ياقۇپ خۇراساندىن تاغ ئارقىلىق غەزنىنگە كەلگەن ۋاقتىدا ئەلى ئىبنى ئەللەيس مېنى رابات سالغۇندىن چاقىرتىۋېلىپ، خۇساراندىكى ئۆز مۇلۇكلىرىگە شىھنە ① قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن 100 ئاتلىق ئەسكەر ئالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەسلى 20 ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەللەيسنىڭ مۇلۇكلىرىدىن بىرى ھىراتقا يېقىن يەردىكى كارۇھ، ئىككىنچىسى بولسا، نىشاپۇرنىڭ خەۋاف يۇرتى ئىدى.

كارۇھقا يېتىپ كېلىپ، پەرمانىنى كۆرسەتتىم ۋە قولۇمغا نېمە كىرسە، لەشكەرلىرىم بىلەن ئورتاق بولدۇم، ئاتلىقلىرىم سانى 300 گە يەتتى. خەۋافقا يېتىپ كېلىپ، پەرمانىنى كۆرسەتسەم، خەۋافنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرى «شىھنە يېتەرلىك» دېيىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەفارىيلارغا بويۇن ئەگمەي، خەۋافنى تاللىدىم، پۇشت قىشلىقىغا يول ئېلىپ، ئۇ يەردىن بەيھەققە باردىم. ئاتلىقلىرىم سانى 2000 غا يەتتى. لەشكەر تارتىپ بېرىپ، نىشاپۇرنى ئالدىم. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتتى ۋە پۈتۈن خۇراساننى ئۆزۈمگە تەسلىم قىلدىم. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى سەۋەبچىسى ئاشۇ ئىككى بېيتلىق شېئىر بولدى.

سۇللامىينىڭ تارىخ كىتابىدا زىكىر قىلىنىشىچە، ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللانىڭ دۆلىتى زىيادىلىشىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرىلاپ بارغان، ئۇ بىر كېچىسى نىشاپۇردا 300 مىڭ دىنار، 500 ئات ۋە 1000 دانە لىباس ھەدىيە قىلغان. شۇ كۈنگىچە ئۇ تارىختا غالىب پادىشاھلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى، ئاشۇ ئىككى بېيتلىق شېئىر ئىدى. ئەرەب ۋە پارسلاردا بۇنداق ۋەقەلەرگە مىساللار كۆپ، لېكىن بىز شۇ كىچىك بىر مىسال بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

دېمەك، پادىشاھقا ئۇنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرىدىغان قىلمىشنى دىۋان ھەم كىتابلاردا مەڭگۈ قالدۇرىدىغان سالاھىيەتلىك شائىرغا ئىگە بولۇشتىن باشقا چارە يوق، چۈنكى، پادىشاھ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۆلۈم پەرمانىنى ئالغاندا ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن، خەزىنىسىدىن ۋە قىممەت باھا نەرسىلىرىدىن ھېچ ئىز قالمايدۇ، پەقەت نامىلا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق مەڭگۈ قالىدۇ.

شەرىف مۇجەللەدى كورگانى ئېيتىدۇ: بۇ دۇنيادا سامانىي، سامانىيلار توپلىغان شۇنچە مۇلكۇ نېئمەتتىن نېمە قالدى؟ رۇداكىينىڭ قەسىدە يۇ مەدھىيىلىرى ھەممەدە بارىبەت قوشىقى ياشاپ كەلمەكتە ھامان!

ئەسىر پادىشاھلىرىنىڭ ۋە زامان ئۇلۇغلىرىنىڭ نامىلىرى مەزكۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە غارايىپ نەزمىلىرى ئارقىلىقلا مەڭگۈلۈك بولۇپ قالدى. ئوخشاشلا سامانىيلارنىڭ نامىلىرى ئۇستات ئەبۇ ئابدۇللاھ جەئىفەر ئىبنى مۇھەممەد ئەرزۇ داكىي، ئەبۇ ئەبباس ئەررابىنجانىي، ئەبۇل مۇسائەل بۇخارىي، ئەبۇ ئىسھاق جۇيبارىي، ئەبۇل ھەسەن كىسايىيلەر ئارقىلىق ئەبەدىل بولۇپ قالدى.

ناسىرىددىن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ناملىرى ئۇنسۇرىي، ئەسجادىي، فەررۇخىي، بەھرامىي، زىينەتىي، بۇزۇرج مېھرقانىي، مۇزەففەرىي، مەنشۇرىي، مەنۇچېھرىي، مەسئۇدىي، قەسسارىي ئۇممىي، ئەبۇھەنىفەئىي ئىسكاف،

رەشىدىي، ئەبۇل فەرەج رۇنىي مەسئۇدىي، سەئىدى سەلمان، مۇھەممەد ناسىر، شاھ بۇرجا، ئەھمەدىي خىلاف، ئوسمان مۇختارىي ۋە مەجدۇدى سەئىي تۇپەيلى مەڭگۈ قالغان.

سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ناملىرى فەررۇخىي گۇرگانىي، لامىئىي، دىھىستانىي، جەئىفەر ھەمەدانىي، دەرفەروز، فەرخرىي، بۇرھانىي، ئەمىر مۇئىززىي، ئەبۇل مەئەئالىي رازىي، ئەمىد كەمالىي ۋە شھابىسالار ئارقىلىق مەڭگۈ قالدى.

شەنساب ئەۋلادىدىن قالغان غۇرىي پادىشاھلىرىنىڭ ناملىرى... ئەبۇلقاسىم رەفىئىي، ئەبۇبەكرى جەۋھەرى، پەقىرۇ ھەقىر كەمتەرىدىن نىزامىي ئەرۇزىسى ۋە ئەلى سۇفىيلەر ئارقىلىق مەڭگۈ قالدى.

بۇ جامائەتنىڭ شېئىر دىۋانلىرى مازى ② پادىشاھلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ كامالى ۋە جامالى، جىھازى ۋە قورالى، ئادالىتى ۋە سېخىيلىكى، ئالىيجانابلىقى ۋە بىلىمدارلىقى، ئەقلى ۋە تەدبىرى، كۈچى ۋە تەسىرى ھەققىدە ئاخبارات بېرىدۇ. تولا كۆپ پادىشاھلار دەۋرى ــ دەۋران سۈرۈشكەن شائىرلارغا قىممەت باھا سوۋغىلارنى ئىنئام قىلىشقان. شەۋكەتلىك پادىشاھلاردىن بىرەر يادىكارلىق ھەم خادىم ۋە خىزمەتكارلىرىدىن نە بىرەر ئۆي ۋە نە بىرەر ئاباتلىق قالدى؟ ئۇلار بىنا قىلغان قانچىلىغان نەقىشلىك ئوردا، راۋاقلار ۋە دىلكەش باغلار يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكەن!

مۇئەللىپ ئېيتىدۇ:

مەھمۇد بەرپا قىلغان قانچىلاپ بىنا،<br>
ئاي بىلەن يۇكسەكلىك قىلاتتى دەۋا.<br>
نەزەر سال، قالمىغان بىرەر خىشمۇ،<br>
ئۇنسۇرىي شېئىرلىرى بەرقارار ئەمما.

مۆمىنلەر ئەمىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئورۇنباسارى، جاھان سۇلتانى ئەلا ئۇد دۇنياغا ۋەددىن ئەبۇ ئەلى ئەلھۇسەيىن ئىبنى ئەلھۇسەيىن... شاھىد ۋە زالىم پادىشاھنىڭ قەسرىنى ئېلىش ئۈچۈن غەزنىنگە كەلدى. سۇلتان بەھرام شاھ ئالدىنىراق قېچىپ كەتكەنىدى. ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئەگە بولالمىغان، بەلكى ئەلەم چەككەن بۇ ئىككى شاھىت ئۈچۈن غەزنىنى تالاشقا بۇيرۇدى ۋە مەھمۇد مەسئۇد ھەمدە ئىبراھىم تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۇلار ھەققىدىكى مەدھىيەلەرنى ئالتۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ خەزىنىگە قويدى.

لەشكەر ئىچىدە ۋە شەھەردە ئۇلارنىڭ نامىنى ئاتاشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. پادىشاھنىڭ ئۆزى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقار ئىدى!

گۆدەك ئانا كۆكسىن تەرك ئەتكەن زامان،<br>
«مەھمۇد» دەپ ئەيلىگەن نىدا شۇ زامان.<br>
قامىتى پىل مىسال، جانى جەبرائىل،<br>
تۇرقى ياز بۇلۇتى، دىلى خۇددى نىل.<br>
جاھاندار مەھمۇد شاھ دەۋرىدە بىر ئۆي<br>
ئىچىرە تىنچ ياشايدۇ بۆرە بىلەن قوي.

ھەممە ئەقىللىق كىشىلەر بىلىدۇكى، دۇنيادا مەھمۇدنىڭ شان ــ شەۋكىتىدىن ھېچنەرسە قالغىنى يوق. فىردەۋسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە نەزملىرى بولسا، ھامان ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ! ئەگەر سۇلتان مەھمۇد شۇلارنى بىلگەندە ئىدى، بۇ ئالىيجاناب كىشىنى كەمسىتمىگەن ۋە مەيۇسلەندۇرمەگەن بولاتتى!

## شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە

شائىرنىڭ روھى پاك، پىكرى كەڭ، تەبىئىتى يېقىملىق، كۆڭلى تۈز ۋە زېھنى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك. ئۇ يەنە تۈرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ھەرخىل ئادەتلەر بىلەن تونۇشقان بولۇشى لازىم. چۈنكى، شېئىر ھەربىر ئىلىمگە مۇۋاپىق كېلىشى ۋە ھەرخىل ئىلىم شېئىردا ئىپادە قىلىنىشى مۇمكىن.

شائىر مەجلىسلەردە شېرىن سۆزلۈك ۋە دوستلار ئولتۇرۇشلىرىدا ئوچۇق كۆڭۈل بولۇشى لازىم. شېئىرلىرى بولسا، ھايات سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالىدىغان، پاك تەبىئەتلىك كىشىلەر تىلىدىن چۈشمەيدىغان، باياۋلارغا يېزىلىدىغان ۋە شەھەرلەردە ئوقۇلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى لازىم. شېئىردىن كۆزلىنىدىغان مۇھىم مەقسەت ۋە بۈيۈك نىيەت بۇ نامنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شېئىر ئوقۇلمىسا، ھەم كۆچۈرۈلمىسە، بۇ مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن شېئىرنىڭ تەسىر كۈچى بولمايدۇ. ئەگەر شېئىرنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈككە ئىگە بولمىسا، ئۇ قانداقمۇ باشقا كىشىلەرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەش-

www.uyghurkitap.com



تۇرەلىشى مۇمكىن!

ئەگەر شائىر ياشلىق مەزگىلىدە ۋە يىگىتلىك دەۋرىدە، ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن 20 مىڭ بېيىتنى خاتىرىسىدە تۇتمىسا، زاماندىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 10 مىڭ بېيىتنى يادقا بىلمىسە، ئۇستازلارنىڭ دىۋانىنى داۋاملىق ئوقۇمىسا، سۆزنىڭ نازۇك تەرەپلىرى ۋە قىيىن جايلىرىنى قانداق يول بىلەن ھەل قىلغانلىرىنى ئۆگەنمىسە، بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلمەيدۇ ھەمدە شېئىر خىللىرى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ. شېئىرنىڭ ساز ياكى نۇقسانلىق تەرەپلىرى ئەقىل سەھىپىسىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرسەتمەيدۇ. سۆزلىرى يۈكسەكلىككە، ئۆزى بولسا ماھارەتكە يۈزلىنەلمەيدۇ.

ئۇ ئۆز ھامىيسى ۋە مەدھىيسىدىن نېمىنى ئالغان بولسا، ئۇلارنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، پادىشاھمۇ شائىرلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەمەلگە ئېششى ۋە ئۇزلىرى شائىرنىڭ مەدھىيسىدىن شۆھرەت تېپىشى ئۈچۈن شائىر بولغۇچىنىڭ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

شائىر ياخشى بولۇپ، شېئىرلىرى ياخشى بولمىسا، لېكىن قابىلىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ياخشى شائىر بولۇشىغا ئۈمىد باغلىسا بولىدۇ. ئالىيجانابلىق قائىدىسى بويىچە بۇنداق شائىرنىڭ تەربىيىسىگە كىرىشىش ۋاجىپ، ئۇ ھەقتە قايغۇرۇش پەرز، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش شەرتتۇر!

پادىشاھنىڭ ئالدىدا بەدىھە ③ ئېيتىشتىنمۇ ياخشىراق نەرسە يوق! بەدىھە بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلى شاد بولىدۇ. مەجلىسلىرى قىزىيدۇ، شائىر بولسا، مەقسىتىگە يېتىدۇ. بەدىھە ئېيتىش ۋە تېز شېئىر ئوقۇش بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە رۇداكىي ئېرىشكەن بەختكە ھازىرغىچە ھېچكىم ئېرىشكەن ئەمەس!

## سەككىزىنچى ھېكايەت

خىزىر ئىبن ئىبراھىم زامانىدا خاقانىيلار مۈلكى يۈكسەك يېڭىلىق ۋە كۈچلۈك سىياسەتكە ۋە قۇدرەتكە ئېرىشكەنىدى. پادىشاھ ئەقىللىق، ئادالەتلىك ۋە يۇرتنى ئاۋات قىلغۇچى ئىدى. ماۋەرائۇننەھرى ۋە تۈركىستان ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، خۇراسان تەرەپتىن كۆڭلى تىنچ ئىدى. ئارىدا قېرىنداشلىق، دوستلۇق بىتىملار مەۋجۇت ئىدى.

دۆلەتنىڭ شانۇ شەۋكىتىدىن بىر نىشانە شۇ ئىدىكى، ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان پەيتتە، باشقا قوراللاردىن تاشقىرى 700 ئالتۇن ـ كۈمۈش گۇرزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ باراتتى. ئۆزى بولسا شائىرلارنى سۆيەتتى. ئۇستاز رەشىدىي، ئەمىر ئەمئەق، نەجىبىي پەرغانىي، نەججار ساغەرجىي، ئەلى بانىزىي، پىسارى دەرغۇش، پىسارى ئىسفەرانىي ۋە ئەلى سىپىھرىي ئۇنىڭ خىزمىتىدە قىممەتلىك ئىنئاملار ئالغان ۋە ياخشى تەقدىرلەنگەنىدى.

ئەمىر ئەمئەق بولسا، ئەمىرۇششۇئەر ④ ئىدى. ئۇ دۆلەتتىن يۈكسەك ئىلتىپات كۆرگەن ۋە كاتتا زىبۇ زىنەتكە شۇنداقلا تۈرك غۇلاملىرى، گۈزەل بېزەكلەر، ھەشەمدار لىباسلار ۋە باشقا سانسىز جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرگە ئىگە بولدى. پادىشاھ مەجلىسىدە كاتتا ئېھتىرامغا ئىگە ئىدى. باشقا شائىرلارمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئۇستاز رەشىدىينىڭمۇ باشقىلاردەك بولۇشىنى خالايتتى، بىراق مۇۋەپپەق بولالمايتتى.

رەشىدىي ياش بولسىمۇ دانىشمەن كىشى ئىدى. بۇ سەنئەتتە ئۇنىڭ ھامىيسى ستتى زەينەپ بولۇپ، خىزىرخان ھەرىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىدى. پادىشاھقا يېقىن سىرداش ئىدى. ئۇ رەشىدىينى پادىشاھقا ماختايتتى ۋە پەزىلىتىنى تىنماستىن سۆزلەيتتى. نەتىجىدە رەشىدىينىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىپ، ئۇ «سەييىدۇششۇئەرا» ⑤ دېگەن لەقەمنى ئالدى. پادىشاھتىمۇ ئاڭا نىسبەتەن ئىشەنچ ھاسىل بولدى ۋە ئۇنى قىممەتلىك ھەدىيلەر بىلەن تەقدىرلەپ تۇردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى رەشىدىي (ئوردىغا) تېخى كەلمىگەن پەيتتە پادىشاھ ئەمئەقتىن: «ئەبدۇسسەييىد رەشىدىي شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن؟» دەپ سورىدى. ئەمئەق ئۇنىڭغا: «شېئىرلىرى ناھايىتى راۋان ھەم ياخشى يېزىلغان، لېكىن سەل تۇزى كەمرەك!» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن سەل ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەستىنلا رەشىدىي كىرىپ كەلدى ھەم تەزىم قىلىپ جايىغا ئولتۇر-

ماقچى بولغانىدى، پادىشاھ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى ـ دە، پادىشاھلارغا خاس ئادەت بىلەن كۆشكۈرتۈش نىيىتىدە: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى قانداق، دەپ ئەمىرۇششۇئەرادىن سورىغانىدىم، ئۇ: ‹ياخشى، ئەمما تۇزسىز› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭغا قارىتا سېنىڭمۇ بىر ـ ئىككى بېيىت ئېيتىشىڭغا توغرا كېلىدۇ» دېدى.

رەشىدي تەزىم قىلىپ جايىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى ۋە بەدىھە تەرزىدە مانا بۇ قىتئەنى ئېيتتى:

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى تۇزى يوقلۇقتا،
ئەيىبكە بۇيرۇپسەن، بۇ راست بىگۇمان!
شېئىرلىرىم شەكەرۇ ھەسەل كەبىدۇر،
ھەسەلۇ، شەكەردە تۇز بولسا يامان!
سېنىڭكى شالغۇمۇ ⑥ ، لاۋىيە ⑦ كەبى،
تۇز، دېمەك سەن ئۈچۈن كېرەك، ئەي نادان!

يۇقىرىدىكى قىتئە پادىشاھقا ياقتى. ماۋەرائۇننەھرى ئۇلۇغلىرى سارىيىدا شۇنداق بىر ئادەت رەسمىيلەشكەنىدىكى، پادىشاھ مەجلىسىدە ياكى باشقا يىغىلىشلاردا ئالتۇن ياكى كۇمۇش سېلىنغان تاۋاقنى مېھمانلار ئالدىغا ئېلىپ كېلىشەتتى. بۇنى «كۇمۇش تاقمۇ ياكى جۇپمۇ» دەپ ئاتىشاتتى. خىزىرخاننىڭ مەجلىسىنىڭ ھەر بىرىدە 250 دىناردىن بولغان تۆت تاۋاقتا قىزىل ئالتۇن قويۇلغان ۋە بىر سىقىمدىن تەقسىم قىلىنىدىغانىدى. بۇ قېتىم تۆت تاۋاقنى پۈتۈنلەي رەشىدىگە بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ھۆرمەت ۋە شۆھرىتى ئېشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ياكى بۇ ئىجادكارنىڭ ھامىيسى ئۇنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى تۈپەيلى مەشھۇر بولسا، شائىر ئاشۇ ھاكىمنىڭ ئەتىۋارلىشى ۋە ئىنئامى بىلەن ئەلگە تونۇلىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ.

### توققۇزىنچى ھېكايەت

ئۇستاز ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تۇس دېھقانلىرىدىن بولۇپ، تەبەران ناھىيسىنىڭ «باج» دەپ ئاتىلىدىغان قىشلىقىدىن ئىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ قىشلاق بولۇپ، ئۇ يەردىن مىڭلاپ ئەسكەر چىقاتتى. فىردەۋسى قىشلاقتا ھەممە نەرسىگە ئىگە ئىدى. بىرلا قىزىدىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ «شاھنامە»نى نەزمە بىلەن يازار ۋە پۈتۈن ئۈمىدى كىتابىدىن كېلىدىغان ھەدىيە بەدىلىگە قىزىنىڭ غېمىنى ھازىرلاش ئىدى.

فىردەۋسى كىتابنى تۈگىتىش ئۈچۈن 20 يىل تەر تۆكتى. راستىنلا يېزىلمىغان ھېچنەرسىمۇ قالمىدى. سۆز شۆھرىتىنى ئەرشئەلاغا يەتكۈزدى. لەززەتتە بولسا، زىلال سۇغا ئوخشاش قىلدى. ئاخىرى قايسىبىر قەلەم ساھىبى سۆزىنى شۇ قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەنى «زال»نىڭ مەزاندەرانغا ـ سام نارىمانغا خەۋەر يوللاپ، ئۆزىنىڭ كابۇن شاھىنىڭ قىزى رۇدابە ئىنتىپاقچى بولۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىكىدەك بۇيۇك سەۋىيىگە يەتكۈزەلىدى؟

سام ئۈچۈن بىر مەكتۇپ يوللىدى دەرراۋ،
ئىچىدە لىق تولغان، خۇشخەۋەر، ماختاۋ،
ئۆزى ئادىل، ئەمرى ئادىللىق بولغان،
تەڭرى نامىن قويۇپ، شۇنداق ئاتالغان.
«جەڭ ئىچرە ئوق، ئاتىن يەلدەك ئۇچارغان،
كەركەسكە دۇشمەننىڭ قېنىن ئىچۈرگەن.
مەيداندا زەربىدىن كۆتۈرگەن توزان،
بۇلۇتنىڭ باغرىدىن تۆككەن قارا قان.
مەردلىك ئارا مەردلىك كۆرسەتەلىگەن مەرد،
مەردلىك بىلەن بېشى بولغان سەر بەلەند،
قىلچۇ ساۋۇتتۇ قالقان ئىگىسى،
سامغا يانسۇن تەڭرى لۇتفىن سەرەسى!

مەن پارس شېئىرىيىتىدە مۇنداق گۈزەل شېئىر كۆرمىگەنمەن ۋە ئەرەب نەزمىسىنىڭ كۆپچىلىكىدىمۇ!

فىردەۋسى «شاھنامە»نى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا ئەلى دەيلەم كاتىپى، ئەبۇ دولەف راۋىيسى ۋە تۇس ھاكىمى قۇتەيبە بولسا ھامىيسى بولۇپ، فىردەۋسىگە ياردەم بېرەتتى. ئۇ بۇ ئۈچ كىشىنىڭمۇ نامىنى كىتابىدا زىكىر قىلىپ ئۆتىدۇ:

كىتابىمدا باردۇر شەھەر سەرەسى،
ئەبۇ دولەف، ئەلى دەيلەم ھەسسەسى!
ماختاش بىلەن مېنى ئەيلەپلەر شاد،
شادلىقتىن يۈرىكىم بولاي دەر بەرباد!
ھۇيەيى قۇتەيبە ـ ساخاۋەتكە كان،

شېئىرىمنى بىكارغا تىڭشىماس بىر ئان.
يۇمشاق بولۇش ئۈچۈن ياسىنىپ ھەردەم،
سىلىق نېمە ئۆزى، بىلمىگەيمەن ھەم!

تۇس ھاكىمى ھۆيەيى قۇتەيبە شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى كۆرسەتتىكى، ھەتتا فىردەۋسىنى بارلىق سېلىقلاردىن ئازاد قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ نامى تاكى قىيامەتكىچە باقىي قالدۇ ۋە كېلەچەك پادىشاھلىرى ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى دەيلەم «شاھنامە»نى يەتتە جىلد قىلىپ كۆچۈردى. فىردەۋسى ئەبۇ دولەفنى ئېلىپ پايتەخت غەزنىنە تەرەپكە ئاتلاندى ۋە كەلگىنى ھەققىدە ئۇلۇغ خوجا ئەھمەدى ھەسەن كاتىپ ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ، قوبۇلغا ئىجازەت ئالدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوجىغا قارىتا مايىللىقى بار ئىدى. ئەمما خوجىنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار دائىما خوجىسىنىڭ ئابرۇيى قەدەھلىرىگە ئىغۋا تۇپىسىنى چاچاتتى. مەھمۇد ئاشۇ دۈشمەن جامائەت بىلەن مەسلىھەت قىلىپ: «فىردەۋسىگە نېمە بېرىمىز؟» دەپ سورىدى. ئۇلار شۇنداق جاۋاب بېرىشتى: «ئەللىك مىڭ دەرھەم! بۇمۇ ئۇنىڭغا كۆپلۈك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇئتەزىلى ⑧ مەزھەپ ۋە رافىزىيدۇر ⑨ ، ئۇنىڭ مانا بۇ بېيىتلىرى مۇئتەزىلىكىگە دەلىلدۇر:

ياراتقۇچى زاتىنى كۆرمىگەچ كۆزلۈك،
ئىككى كۆزلۈك مۇنچە قىينىما ئۆزلۈك.

ئۇنىڭ رافىزىيلىكىگە بولسا، مانا بۇ بېيىتلەر دەلىلدۇر:

دۇنيانى دېڭىزدەك يارىتىپ دانا،
دولقۇن سالدى ئاڭا باددىن ھامانا.
ئۇندا 70 دانە كېمە ياساركەن،
ھەر بىر كېمىسىدە كۆتۈردى يەلكەن.
ئىچىدە بىر كېمە ـ كېلىنىنىڭ ئۆزى،
چىرايىدا گوياكى ئاھۇنىڭ كۆزى!
ئۈستىدە پەيغەمبەر ۋە ئەلى تۇرار،
ئەۋلادى يېنىدا قاتار ئولتۇرار.
جەننەتكە چۈشمەكنى ئەيلىسەڭ خىيال،
نەبى ۋە ئەلىنىڭ يېنىدىن جاي ئال!
زەرەر كۆرسەڭ ئەگەر مەن ئەيىبدار،
بۇ يول، مېنىڭ يولۇم، قوي بىلىپ زىنھار!
شۇنداق تۇغۇلدىمۇ، شۇنداق ئۆلەرمەن،
ئەلىنىڭ بىل، خاكى پايى بولارمەن!

سۇلتان مەھمۇد مۇتەئەسسىپ كىشى بولۇپ، بۇ بوھتان ئاڭا دەرھال تەسىر قىلدى ۋە راستتەك تۇيۇلدى. ئاخىرى فىردەۋسىگە 20 مىڭ دەرھەم پۇل ئەۋەتتى. فىردەۋسى بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى. ھاماممىغا كىرىپ قايتىپ چىقىپ، بوزا ئىچتى ۋە ئەۋەتىلگەن كۈمۈش پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بوزىچى بىلەن ھامامچىغا بۆلۈپ بېرىۋەتتى.

فىردەۋسى مەھمۇدنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى ياخشى بىلەتتى. كېچىدە غەزنىنىدىن يۇرۇپ كەتتى. ئەزرەقىينىڭ ئاتىسى ئىسمائىل ۋەرراقنىڭ ھىراتتىكى دۇكىنىغا كېلىپ چۈشتى. مەھمۇدنىڭ كىشىلىرى تۇس دېگەن يەرگە ئىزدەپ كېلىپ، يەنە قايتىپ كەتكۈچە ئىسمائىل ۋەرراقنىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

فىردەۋسى خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىنى سېزىپ، ھىراتتىن يەنە تۇس دېگەن يەرگە يۇرۇپ كەتتى، «شاھنامە»نى ئېلىپ تەبەرىستانغا ـــ باۋەند سۇلالىسىدىن بولغان شەھرىيار ھۇزۇرىغا راۋان بولدى. شەھرىيار بولسا تەبەرىستان پادىشاھى ئىدى. بۇ ئۇلۇغ سۇلالىنىڭ نەسلى يەزدىگەرد شەھرىيارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. فىردەۋسى كىتابىغا 100 بېيىت كىرىش سۆز يېزىپ ئۇنىڭغا مەھمۇدنى ھەجۋىي قىلدى ۋە شەھرىيارغا ئوقۇپ بەردى، كېيىن ئۇنىڭغا: «مەن بۇ كىتابنى مەھمۇدقا ئەمەس، ساڭا بېغىشلايمەن، چۈنكى ئۇنىڭدىكى ھېكايە، رىۋايەتلەر سېنىڭ بوۋىلىرىڭنىڭ ھەققىدىدۇر!» دېدى.

شەھرىيار ئاڭا كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئاخىرىدا: «ئەي ئۇستاز! مەھمۇدنىڭ كىشىلىرى مەھمۇدنى ئالداشقان، كىتابىڭنى بۇزۇپ كۆرسىتىشكەن، ساڭا تۆھمەت قىلىشقان! بۇنىڭدىن تاشقىرى سەن ھەقىقەتەنمۇ شىئە مەزھىپىدىكى ئادەمسەن، كىمكى پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مېھىر قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يېتەلمىگەندەك،

2004.5

مۇنداق كىشىمۇ دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ! مەھمۇد مېنىڭ ھۆكۈمدارىم، كىتابنى ئۇنىڭ نامىدا قالدۇرۇۋەر! ھەجۋىينى ماڭا بەر، مەن ئۇنى يىرتىپ تاشلاي، سېنىڭ بۇ ئىشىڭغا بىرەر نەرسە بېرىمەن! مەھمۇد سېنى يەنە چاقىرتىدۇ. سېنى رازى قىلىدۇ. كىتاب ئۈچۈن چەككەن زەخمەتلىرىڭ بىكار كەتمەيدۇ» دېدى.

بىر كۈنى ئۇ فىردەۋسىگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن 100 مىڭ دەرھەم ئەۋەتتى: «ھەر بىر بېيىتىڭ ئۈچۈن 1000 دەرھەم تۆلىدىم، ئۇشبۇ 100 بېيىتنى ماڭا ئەۋەتكىن ۋە كۆڭلۈڭنى مەھمۇدقا نىسبەتەن بولغان ئاداۋەتتىن پاك قىل!»

فىردەۋسى بېيىتلىرىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. شەھرىيار بۇ بېيىتلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى. فىردەۋسىمۇ قارىلىمىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ھەجۋىيە تامامەن يوقالدى. ئۇلاردىن پەقەت ئالتە بېيىتلا ساقلىنىپ قالغان.

ئەيىبلەپ دېدىلەر: «ئەقىلدىن ئازغان،
نەبىيۇ ئەلىنى ئويلاپ قارىغان!»
سۆيگۈمنى راستىنلا قىلسام ھېكايەت،
ئۇنىڭدىن 100 مەھمۇد تاپار ھىمايەت.
ئاتىسى بولسا ھەم ھەتتا شەھرىيار!
ئەسلي قولدىن چىقماس ياخشىلىق زىنھار!
بۇ ھەقتە قانچىلىك سۆزلىسەم، بىراق،
سۆزۈمگە دېڭىزدەك ھەد يوق، نە قىرغاق!
ياخشىلىق بولغاندا پادىشاھ ئىشى،
لازىم ئىدى ماڭا تەختتىن بېرىشى.
زاتىدا ئۇلۇغلۇق بولمىغاچ ئۇنىڭ،
قانداق بىلسۇن ئۇلۇغ كىشى قەدرىنى؟!

دەرۋەقە، شەھرىيار مەھمۇد ئۈچۈن بۈيۈك بىر ئىش قىلدى. مەھمۇد بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بولۇشى لازىم!

مەن 504 ـ يىلى (1120 ـ 1121) نىشاپۇردا مۇئىززىيدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى: تۇس دېگەن يەردە ئەبدۇررەززاق ماڭا شۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى: مەھمۇد ھىندىستاندا بىر نەچچە مۇددەت بولغاچ، ئۇ يەردىن قايتىپ، غەزنىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانىدى. لېكىن، يولدا مۇستەھكەم قەلئەگە جايلاشقان بىر ئىسيانچى بارلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. مەھمۇد بولسا ئەتىسى دەل شۇ قەلئە ئالدىغا چۇشۇشنى كۆزلىگەنىدى. ئۇ ئىسيانچىنىڭ ئالدىغا «ئەتە ھەدىيەلەر بىلەن ھوزۇرىمىزغا كەل، قوبۇل كۆرۈشىمىزگە ئىگە بولۇپ، خىزمىتىمىزنى قىل، ئىنئام تونلىرىنى كىيىپ، يەنە قايتىپ كېتەرسەن» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

ئەتىسىگە مەھمۇد ئۇلۇغ تەرىپىدە ئۇلۇغ خوجا بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتىدە ئەلچى قايتىپ كەلدى ۋە ۋەقەنى ئېيتتى، سۇلتان ئۇلۇغ خوجىدىن: «نېمە دەپ جاۋاب قىلىمىز؟» دەپ سورىدى. خوجا فىردەۋسىنىڭ مانا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بولمىسا رايىمغا لايىق بىر جەۋاب،
مەنۇ گۇرزى، مەيدانۇ ئەفراسىياب!

مەھمۇد خوجىدىن: «كىشىدە مەردلىك ئويغىتىدىغان بۇ بېيىت كىمنىڭكى؟» دەپ سورىدى. خوجا: «بىچارە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭكى، ئۇ 20 يىل جاپا چەكتى. شۇنداق كىتابنى تۈگەتتىيۇ ئەمما، مېۋىسىنى كۆرمىدى!» دېدى. شۇ چاغدا مەھمۇد: «بۇ ھەقتە ئەسلىتىپ ياخشى ئىش قىلدىڭ. ئۆزۈممۇ بۇ ئىشىمدىن پۇشايمان قىلغانمەن. ئۇ ئالىيجاناب زاتنى ھەقتىن بىھۇدە مەھرۇم قىلدىم! غەزنىنىدە يادىمغا سال. مەن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئەۋەتەمەن!» دېدى.

غەزنىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خوجا ئاشۇ گەپنى مەھمۇدنىڭ سەمىگە سالدى. سۇلتان ئۇنىڭغا: «ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۈچۈن 20 مىڭ دىنار ھەق ئاجرىتىشقا تاپشۇرۇق بەر. ئۇنى مېنىڭ تۆگىلىرىم بىلەن تۇسقا ئېلىپ بارسۇن ھەم ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىسۇن!» دېدى.

خوجا بىر قانچە يىللاردىن بۇيان شۇ مەقسەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئاخىرى ئۇنى ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈردى.

ئەۋەتكەن تۆگىلەر ھەدىيە بىلەن سالامەت تەبەران دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. لېكىن تۆگىلەر رودبار دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا فىردەۋسىنىڭ جە-

ستىنى رازۇن دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانىدى.

تەبەرانىدا بىر روھانىي كىشى بولۇپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى تۇتۇپ، كىشىلەرگە: «مەن ئۇنىڭ مۇردىسىنى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىشقا يول قويمايمەن. ئۇ رافىزىيدۇر!» دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قانچىلىك چۈشەندۈرۈپ ئېيتىسمۇ، بەربىر قۇلاق سالمىدى. دەرۋازا ئارقىسىدا فىردەۋسىگە قاراشلىق بىر باغ بار ئىدى. ئۇنى ئاشۇ باغ ئىچىگە دەپنە قىلىشتى. فىردەۋسىنىڭ قەبرىسى ھازىر مۇشۇ يەردە، مەن ئۇنىڭ خاكىنى ھىجرىيە 510 ـ (1116 ـ 1117) يىلى زىيارەت قىلغانىمەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فىردەۋسىدىن بىر ئالىيجاناب قىز قالغان بولۇپ، ھەدىيىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولۇشقان. ئەمما قىز ھەدىيىنى قوبۇل قىلمىغان، قىز: «مەن بۇ نەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن» دېگەن. ھەدىيە ئېلىپ بارغۇچى ئۆزى خوجىسىغا بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكۈزدى. خوجا بۇ ئەھۋالنى سۇلتاننىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلدى. سۇلتان ھېلىقى روھانىينى بىمەنىلىكى ئۈچۈن ئۆز مۈلكىنى قالدۇرۇپ، تەبەرانىدىن چىقىپ كېتىشكە، تۇس چېگرىسىدىكى نىشاپۇر ۋە مەرۋىگە ماڭىدىغان يول بېشىغا بولسا، راباتى چاھە مەسچىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەدىيىنى خوجا ئەبۇ بەكرى كەررامىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەمر قىلدى.

پەرمان تۇسقا يېتىپ كەلگەن ھامان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىندى. «راباتى چاھە» مەسچىتى شۇ پۇلغا قۇرۇلغان.

## ئۈچىنچى ھېكايەت

بۇ كەمىنە پادىشاھ جەبالنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋاقىتلىرىدا ئۇ بۇزۇرۇكۋارنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئىشەنچىسى كۈچلۈك، تەربىيىسىگە بولسا ھىممىتى يۇقىرى ئىدى.

بىر كۈنى بەلخ شەھىرىدىكى ئۇلۇغلاردىن بىرىنىڭ پەرزەنتى ئەمىر سەفىۇددىن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبن ئەھۇسەيىن ئەررەۋان شاھى... روزا ھېيت كۈنى پەزىلەتلىك بىلەن مەشھۇر، ياخشى دەبىر، ماھىر خەزىنىچى، ئەدەپ ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن، دىللارغا ياققان ۋە تىللاردا ماختالغان يىگىت ئىدى. مەن ئۇ چاغدا خىزمەتتە ھازىر ئەمەس ئىدىم.

زىيارەت مەجلىسى باشلانغاندا پادىشاھ: «نىزامىينى چاقىرىڭلار!» دېدى. شۇ چاغدا ئەمىر سەفىۇددىن: «نىزامىي شۇ يەردىمۇ؟»، سوراپتۇ. «ھە» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ، ئاگا ئۇ مېنى نىزامىي مۇئىزى دەپ ئويلىغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ: «نىزامىي ياخشى شائىر ۋە مەشھۇر كىشى» دەپتۇ.

خادىم كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن ئۆتۈكۈمنى كىيدىم. مەجلىسكە كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردۇم ـ دە، جايىمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. قەدەھلەر بىر قانچە قېتىمدىن ئايلانغاندىن كېيىن، ئەمىر ئەمەد «نىزامىي كەلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. پادىشاھ جەبال: «كەلدى، ئەنە ئولتۇرىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا ئەمىر ئەمەد: «مەن بۇ كىشىنى ئەمەس باشقا نىزامىينى دەۋاتىمەن، مەن بۇ نىزامىينى تونۇمايمەن!» دېدى.

شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇئان ئۇ ماڭا قايرىلىپ: «سەندىن باشقا نىزامىلارمۇ بارمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. «ھە، ئالەم پاناھ! ـ دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا ـ يەنە ئىككى نىزامىي بار: بىرى سەمەرقەندلىك بولۇپ، ئۇنى نىزامىي مۇئىزى دېيىشىدۇ. يەنە بىرى نىشاپۇرلۇق بولۇپ، ئۇنى نىزامىي ئەسىرىي دېيىشىدۇ. كەمىنەنى بولسا نىزامىي ئەرۇزى دەپ ئاتايدۇ». پادىشاھ شۇنىڭدىن كېيىن: «سەن ئۆتكۈرمۇ؟ ياكى ئۇلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئەمىر ئەمەد شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز گەپ قىلغانلىقىنى، بۇ ھالدىن پادىشاھنىڭ رەنجىگەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال: «ئەي پادىشاھىم، مەن بىلگەن ئىككى نىزامىي ئۇرۇشقاق ھەم يېڭىلتەك، مەمەدانىلىقلىرى بىلەن مەجلىسلەرنى بۇزۇپ، زىيان كەلتۈرگۈچى كىشىلەردۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىرئاز يۇمشىغاندەك كۆرۈنۈشتە: «ئالدىرىما، بۇمۇ بەش قەدەھ سەكىي ⑩ شارابىدىن ئىچسە مەجلىسلەرنى قانداق بۇزىدىغانلىقىنى كۆرىسەن! ئەمما، ھەر ھالدا بۇ ئۈچ نىزامىيدىن قايسىبىرى ياخشىراق؟» دېدى.

ئەمىر ئەمەد: «مەن ئۇ ئىككىسىنى كۆرگەنمەن ۋە ياخشى تونۇيمەن. بۇ كىشىنى بولسا ئىلگىرى كۆرمىگەنمەن ۋە شېئىرىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانمەن. ئەگەر ھازىر ئۇ

يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە بىر ـ ئىككى بېيىت ئوقۇسا، مەن ئۇنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ ئىستىبداتىنى كۆرۈپ، ئۇچەيلەندىن قايسىبىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى.

پادىشاھ ماڭا قاراپ: «ئەي نىزامىي! ئاڭلىدىڭمۇ، بىزنى خىجالەتتە قالدۇرما، شېئىر ئېيتقىنىڭدىمۇ شۇنداق ئېيتقىنكى، ئەمىر ئەمىد ئويلىغىنىدەك بولسۇن!» دېدى.

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋاقىتلىرىمدا ئىستىبداتىم تېز سۈرئەتتە ئۆسكەن ۋە تەپەككۇرۇم ئەلا دەرىجىگە يەتكەنىدى. پادىشاھنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسانى بولسا مېنى شۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدىكى، بەدىھە ئېيتىش مەن ئۈچۈن ئاددىي بىر ئىشقا ئايلانغانىدى. مەن قەلەمنى ئالدىم ۋە قەدەھ ئىككى نۆۋەت ئايلىنىپ كەلگۈچە مانا بۇ بەش بېيىتنى يازدىم:

جاھاندا بىز ئۈچلا نىزامىيمىز شاھ،
بىز ھەقتە جار سالار جۇملەئى جاھان.
مەن ۋەرسەھ ئىچرە شاھ تەختى ئالدىدا،
ئىككىسى مەرۋىدە، ھەمدىمى سۇلتان!
ئىككى سۆز ئىچرە بىزنىڭ كۆنلەردە،
خۇراسان ئېلىگە پەخرى بىگۇمان.
گەرچە ئۇلار جاندەك شېئىرلار يېزىشىپ،
ۋە ياكى ئاقىلدەك سۆزلىسە چاققان!
مەن بولسام شارابمەن، جەڭ ئىچرە كىرسەم،
ئىشقا قول ئۇرالماي ئىككىسى ھەيران!

مەن يۇقىرىدىكى بېيىتلىرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئەمىر ئەمىد سەفئۇددىن تازىم قىلىپ دېدىكى: «ئەي پادىشاھ! ئۇ نىزامىيلارنى قوي! مەن ماۋارا ئۇننەھرى، خۇراسان، ئىراق شائىرلىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىك بەدىھەگە ئوخشىتىپ، كەم ـ كۈتىسىز، مەنىسى چوڭقۇر، شەكلى گۈزەل، لەتىپ سۆزلەر بىلەن تولغان، يېڭى پىكىرلەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇنداق شېئىر ئېيتالايدىغان بىرەر ئىستىبدات ئىگىسىنى كۆرمىگەنمەن. شاد بول، ئەي نىزامىي! يەر يۈزىدە سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوق! ئەي پادىشاھ، ئۇنىڭ ئاجايىپ، ئىستىبداتى كۈچلۈك روھى ۋە تولۇق ماھارىتى بار! ئالەم پادىشاھىنىڭ ھامىيلىقى ۋە ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن ئىستىبداتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇنادىر كىشىگە ئايلىنىدۇ.بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تېخى ياش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ!»

ئالەم پادىشاھىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ لەتىپ تەبەسسۇمىدە شادلىق ئالامەتلىرى نامايان بولدى. ماڭا تەھسىنلەر ئوقۇپ: «ۋەرسەد كانىدىن چىقىدىغان قوغۇشۇننى بۇ ھېيتتىن تاكى قۇربان ھېيتقىچە ساڭا بەردىم! ئۇ يەرگە ئۆز ۋاكالەتچىڭنى ئەۋەتكىن!» دېدى.

مەن شاھنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئىسھاق يەھۇدىينى ئەۋەتتىم. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىكى ئىشنىڭ تازا قايناغان ۋاقتى ئىدى. كۆپلەپ مەدەن ئېلىپ ئېرىتەتتى. 70 كۈن ئىچىدە ئېلىنغان 12 مىڭ مەن (11)قوغۇشۇندىن بەش قىسمى بۇ دۇئاگويغا (مۇئەللىپ ئۆزىنى دېمەكچى ـ ت) تەگدى. پادىشاھنىڭ ئېتىقادى بولسا، مەندەك بىر كىشىگە تېخىمۇ ئېشىپ باردى.

① شىھنە ـ بىرەر ئورۇننىڭ ئىشلىرى ۋە سىياسىتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەيىنلىنىدىغان قوشۇن باشلىقى، ھەربىي قوماندان

② مازى ـ ئۆتكەن زامان، ئۆتكەنكى دەۋر

③ بەدىھە ـ تەييارلىقسىز سۆزلەنگەن ھازىر جاۋاب شېئىر

④ ئەمىرۇششۇئەرا ـ شېئىرىيەت پادىشاھى، شائىرلار سۇلتانى

⑤ شېئىرىيەت خوجىسى، شېئىرىيەت پېشىۋاسى، شائىرلار ئۇستازى

⑥ شالغام ـ چامغۇر

⑦ لاۋىيە ـ تاماققا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى

⑧ مۇئتەزىلى ـ ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى، «ئايرىمچى، بۆلۈنگۈچى» دېگەن مەنىگە ئىگە

⑨رافىزىي ـ شىئە مەزھىپىدىكى كىشى

⑩ سەكىي ـ ئۇزاق قايناپ ئۈچتىن بىرى قالغان ئۈتكۈر شاراب

(11) مەن ـ ئورنىغا قاراپ تۈرلۈك قىممەتكە ئىگە بولغان ئېغىرلىقنى ئۆلچىگۈچى بىر خىل ئۆلچەم

(بۇ ئەسەرنى ئىستىبداتلىق شەرقشۇناس مەھمۇد ھەسەنى پارسچە نۇسخىدىن تەرجىمە قىلغان)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھمۇد زەيىدى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

# ساتار ھەققىدە ئەپسانە



يۇرت دانالىرى ساتار ھەققىدە ئەپسانە قىلىپ شۇنداق ئېيتىدۇلەركى، گۈزەل چىن ماچىن دۆلىتىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ئىبنى ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر بالا دۇنياغا كېلىپ، يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى قازا تېپىپ كېتىپ يېتىم قاپتۇ. ئۇنى بىر تۇل ئايال بېقىۋاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ بالا 14 ياشقا كىرگەندە، ئۆگەي ئاپىسى قوشنىسىنىڭ ئىككى ئېشىكىنى، تاپقان پايدىسىنى تەڭ بۆلۈش ھېسابىغا دېيىشىپ، بالىنىڭ ئالدىغا سېلىپ بېرىپتۇ. بالا ئاپىسىغا تۇنجى كۈنىلا، جاڭگالغا ئوتۇنغا بارىمەن، دەپ بارماي خالىي بىر يەردە ئۇخلاپ، ئاخشىمى ئېشەكلەرنى ھەيدەپ قۇرۇق قول ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئاپىسى:

— بالام، نېمىشقا قۇرۇق قول قايتىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— ئوتۇننى كۆپ تېرىپتىكەنمەن، ئۇنى ئېشەكلەرگە ئارتىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، قۇرۇق قول قايتىپ كەلدىم — دەپتۇ. ئاپىسى:

— ئۇنداق بولسا ئەتە ئىككىمىز جاڭگالغا بىللە بېرىپ ئوتۇنلارنى ئەكېلەيلى — دەپتۇ. ئەتىسى بالا ئاپىسى بىلەن جاڭگالغا كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىزلا غايىبلار شەھىرىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە نۇرغۇن چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ. بالا كۆزىگە ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنگەن زىبۇ زىننەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپتىكەن، غايىبلار شەھىرى بىردىنلا جاڭگالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ھېلىقى قولىدا جاڭگاللاپ قالغان زىبۇ زىننەتنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ سېتىپتۇ. پۇلىغا بىر سېغىن ئىنەك سېتىۋاپتۇ. ئاپىسى كالىنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىبنى ئابدۇراخمانىنى سۈت سېتىشقا بۇيرۇپتۇ. بالا ھەر كۈنى سۈت سېتىشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ سۈتىنى ئانچە ئالماپتۇ. ئاپىسى كالا سېتىۋېلىپ ئاشقان ئازغىنە پۇلغا شىشە ①سېتىۋېلىپ بالىغا ئىشتان ـ كۆڭلەك تىكىپ كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنى سۈت سېتىشقا بۇيرۇپتۇ. بالا سۈتنى شەھەرگە ئاپىرا ـ ئاپارمايلا يېرىم يولدا سېتىلىپ بولىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سودىسى ئېقىپ باي بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەل ـ يۇرت ئۇلاردىن ئۆگىنىپ شىشىدىن كىيىم ـ كېچەك كىيىپ سۈت سېتىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئىبنى ئابدۇراخمان سۈتنى سېتىپ بولۇپ شەھەردىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تۇساتتىن ھاۋا تۇتۇلۇپ قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھۆل قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىپ كوزىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، كوزىنى بېشىغا كىيىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

①شىشە — ماتا، بۆز.

2004.5

يامغۇر بىردىنلا توختاپ قاپتۇ. بالا كوزىدىكى كىيىملىرىنى ئۇچىسىغا كىيىۋاپتۇ ۋە يولنى داۋام قىلىپتۇ. توساتتىن بالىنىڭ ئالدىغا شەيتان ئۇچراپتۇ. شەيتان:

—ئى ئادىمىزات، شۇ قاتارلىق قاتتىق يامغۇر ياغدى، چەرەندە-پەرەندىلەر ھۆل بولۇپ كەتتى، نېمىشقا سېنىڭ كىيىملىرىڭ ھۆل بولمىدى؟—دەپ سوراپتۇ. بالا:

-سەن مۇبادا بارلىق ھۈنىرىڭنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ، ئاندىن مەن ساڭا بۇ ھۈنىرىمنى ئۆگىتىپ قويەمەن،—دەپتۇ. شەيتان:

—ئۇنداقتا ئىككىمىز دوست بولساق،—دەپ بالىغا ئۆلتجا قىلىپتۇ. بالا شەيتاننىڭ ئۆلتجاسىغا قوشۇلۇپ، شەيتان بىلەن دوست بولۇپتۇ. بالا شەيتانغا:

—قورسقىم ئېچىپ كەتتى، بىر يەرگە بېرىپ غىزالانايلى،—دەپتۇ. شەيتان:

—بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ تامقى پىشىپ قالدى، شۇنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولمايلىمۇ؟—دەپتۇ. بالا:

—ماقۇل، بارساق بارايلى،—دەپتۇ.

ئىبنى ئابدۇراخمان بىلەن شەيتان غايىبلار تۇسىگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ داستىخىنىغا داخىل بوپتۇ. داستىخان ئۈستىدە پادىشاھنىڭ ۋەزىرى چاي قويۇۋاتقان ئىكەن، شەيتان تېزلا بېرىپ پادىشاھنىڭ چاي قاچىسىغا سىيىپ قاچىنى تولدۇرۇپتۇ. پادىشاھ قاچىدىكى چاينى ئىچىشكە تەمشەلگەندە، بالا پادىشاھنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قاچىدىكى سۈيدۈكنى تۆكۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىشقا غەزىپى كەلگەن شەيتان بالىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغان قالپاقنى ئېلىۋېتىپ غايىب بوپتۇ. بالا بولسا، دوست بايىنىڭ قۇشدەك داستىخانىنىڭ بىر چېتىدە پەيدا بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

—جاللات، ئالدىمدا كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئال!—دەپ پەرمان قىلىپتۇ. جاللات بالىنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولغاندا، بالا:

—ئى ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ بىر ئەرزىم بار،—دەپتۇ. پادىشاھ:

—قېنى سۆزلە،—دەپتۇ تىترەپ.

—مەن شەيتان بىلەن دوست بولۇپ، قورسقىم ئېچىپ كەتتى دېۋىدىم، ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ غىزاسى تەييار بولۇپ قالدى، بىز شۇ پادىشاھنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولايلى، دېدى. مەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ غايىبتىن سىلىنىڭ داستىخانلىرىغا كەلدىم ۋە غىزالىرىغا داخىل بولۇۋاتسام، توساتتىن شەيتان سىلىنىڭ چاي قاچىلىرىغا سىيىپ تولدۇرۇۋەتتى. سىلى بولسىلا قاچىنى ئېلىپ ئىچمەكچى بولغاندا، مەن قوللىرىغا ئۇرۇپ قاچىنى قوللىرىدىن چۈشۈرۈۋەتتىم. شەيتان غەزەپلىنىپ، ماڭا كىيگۈزۈپ قويغان غايىبلىق قالپىقنى بېشىمدىن ئېلىۋېلىپ غايىب بولدى. مەن بولسام داستىخانلىرىنىڭ بىر چېتىدە پەيدا بولۇپ قالدىم،—دەپتۇ بالا. پادىشاھ بۇ ئىشتىن تەسىرلىنىپ:

—سەن ماڭا سادىق بالا ئىكەنسەن، ھازىردىن باشلاپ ماڭا ۋەزىر بولىسەن،—دەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئىبنى ئابدۇراخمان ۋەزىر شايتاندىن ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بىر ئەپسۇن بىلەن سۈنئىي چارباغ پەيدا قىلىپتۇ. بۇ باغنى كۆرگەن پادىشاھ ئىبنى ئابدۇراخمان ۋەزىرنى باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھ بىلەن باغقا كىرىپ، بىر تال تاشنى ئەپسۇن بىلەن باغقا ئېتىپتىكەن، بۇ تاش دەرھال بىر پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. ۋەزىر بىر ئەپسۇن بىلەن بىر بۇلاق پەيدا قىلىپتۇ. پادىشاھ:

—ئەي ۋەزىر، بەك ئۇسسىلاپ كەتتىم، ماۋۇ بۇلاقتا يۇيۇنۇۋالاي، سەن كىيىملىرىمنى تۇتۇپ تۇرغىن،—دەپتۇ. ۋەزىر:

—خوپ پادىشاھى ئالەم، ئەمرلىرىگە تەييارمەن،—دەپتۇ.

پادىشاھ بۇلاقتىكى سۇغا چۆمۈلۈشى بىلەن يەرنىڭ تەكتى ئەسراسىغا چۈشۈپ كېتىپ، بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئاندىن توغما ھالدا پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ نومۇس قىلغىنىدىن مەسچىتنىڭ بورىسىغا يۆگىنىپ ئاپتۇ. مۇشۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى:

—ئى ئادىمىزات، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭ،—دەپتۇ. پادىشاھ:

—ئەي مەزىن، مېنىڭ كىيىم-كېچەكىم يوق تۇرسا، بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىمەن؟—دەپتۇ. مەزىن:

—بىزنىڭ بۇ يەردە بىر تۇل ئايال بار. ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، كىيىم-كېچەك كىيەلەيسىز،—دەپتۇ. پادىشاھ:

—كىيىم-كېچەك كىيەلىسەملا، ئاشۇ ئايالنى ئالاي،-دەپتۇ.

بۇ يەرنىڭ جامائىتى پادىشاھقا تۇل ئايالنى نىكاھلاپ قويۇپتۇ. نىكاھتىن كېيىن پادىشاھ بۇ ئايال بىلەن بىر يەردە بولۇش ئۈچۈن يوتقانغا كىرسە، بۇ ئايال پادىشاھنىڭ بىر پاي كەشى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر پاي كەشنى يەپ

MIRAS

بىلەن چىگىپ تامغا ئىسىپ قويغان. پادىشاھ مەن بىر سارالڭ خوتۇنغا ئۆيلەندىممۇ نىمە دەپ ھەيران قاپتۇ. توساتتىن پادىشاھنىڭ بىر پاي كەشى تامدىن يەرگە چۇشۇپ كېتىپتۇ. ئايال «ۋاي مۇرەببىم ـ مۇرەببىم، ئۆتكەن ھەپتە كۆرەپتىم، ما ھەپتىدە ئۆلەر دىمەپتىم»، دەپ ئۇزلۇك يىغا ـ زار قىلىپتۇ. يىغا ـ زار ئاۋازىنى ئاڭلىغان جامائەت دەرھال بۇ ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە، پادىشاھنى تەختىراۋانغا ئېلىپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ:

ــئەي جامائەت، مەن ئۆلمىدىم، مەن ھايات ــ دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

جامائەت پادىشاھنىڭ ۋاقىرىشىغا پىسەنت قىلماي جىنازىنى ئېلىپ گۆرىستانغا قاراپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ جىنازىدا يېتىپ، گۆرىستانغا ئايال كىشى چىقمايدۇ، شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يالغۇزچ بولسامۇ قېچىپ كېتەي ـ دېگەنلەرنى ئويلاپ:

ــئەي جامائەت، مەن بىر پادىشاھ ئىدىم، مۇشۇ ئىشقا گىرىپتار بولدۇم، مېنى قويۇۋەتسەڭلار، ــ دەپتۇ. جامائەت:

ــ ياتقان يېرىڭىز جەننەت بولغاي، ــ دەپتۇ ـ دە، ئىككى ئادەم بېشىدىن ئىككى ئادەم پۇتىدىن تۇتۇپ يەرلىككە قويۇپتۇ. پادىشاھ، قاراڭغۇلۇقتا ئاچ قورساق ئۆلگەندىن كۆرە، ئاسانراق ئۆلمەيمۇ، دەپ بېشىنى يەرلىككە ئۇرماقچى بولۇپ بېشىنى شۇنداق كۆتۈرگۈدەك بولسا، نە ئۇ يەردە باغ بولغاي، نە ئۇ يەردە بۇلاق بولغاي. پادىشاھ ئەتراپقا قارىسا، ۋەزىر پادىشاھنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى تۇتۇپ بىر چەتتە ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ كىيىم ـ كېچەكنى كىيىپ بولۇپلا جاللاتقا ئەمىر قىلىپتۇ:

ــئى جاللات، بۇ ۋەزىرنى ئۇ يېنى ئۈچ كۈنلۈك، بۇ يېنى ئۈچ كۈنلۈك ئادەمزاتنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەرگە پالۋېتىڭلار ــ دەپتۇ.

ئىبنى ئابدۇراخمان ئادەمزاتنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەرگە پالانغاندىن كېيىن ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز غېمىنى قىلىپ ئوزۇقلۇق، تۈرلۈك جاي ھازىرلىقى بىلەن ئەمگەك قىلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىۋاتسا يولدا شەيتان ئۇچراپ قاپتۇ. شەيتان:

ــئەي ئادەمزات، سېنىڭ ئەتىگەن تەرەپتە ئاۋازىڭ چىقمايتتى، ئەجەبا ئەمدىلىكتە ئاۋازىڭ ساز چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇ ــ دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

ــئەتىگەندە قورسىقىم توق ئىدى، ئىچىم كاۋاك ئەمەس، ھازىر بولسا قورسىقىم ئاچتى، ئىچىم كاۋاك، شۇڭا ئاۋازىم ساز چىقىدىغان بولۇپ قالدى ــ دەپتۇ. شەيتان:

ــھەقاچان ئىچى كاۋاك بىرنەرسە ياسىغانسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساز بولغان ئوخشايدۇ ــ دەپتۇ.

شەيتاننىڭ بۇ گېپى ئىبنى ئابدۇراخماننىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ئىچىدە: «ئىچى كاۋاك بىر نەرسە ياسىسام ساز بولىدىغان ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال ساتار ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ شەيتان بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قاپتۇ. شەيتان:

ــ يېقىندىن بۇيانقى ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتامدۇ ـ قانداق؟ ــ دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

ــ مەن ساتار دېگەن سازنى ياساپ چىقتىم. ئۇنىڭ قۇلىقى 13، تارىسى سىمدىن بولۇپ 13 تال، ئۇنىڭدىن 72 خىل ئاۋاز چىقىدۇ ــ دەپتۇ. شەيتان:

ــسەن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىلىنى ئالغانسەن، ئۇنى قارىغاينىڭ يېلىمىگە سۇرگەنسەن، شۇنىڭ بىلەن ساتارنىڭ تارىدا ھەر خىل ئاۋاز چىقىدۇ ــ دەپتۇ.

شەيتاننىڭ دېگەنلىرى ئىبنى ئابدۇراخماننىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ئۇ نوتىنى ئېگىپ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىلىنى باغلاپ كامالچا ياساپتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن كامالچىنى سۇركىسە، بىر قولى بىلەن ساتارنىڭ پەدىلىرىنى بېسىپ چېلىپتىكەن، ساتارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ مۇڭ ئېلىپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان بولۇپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان ساتار چېلىشنى داۋاملىق مەشىق قىلىپ خېلى كامالەتكە يېتىپتۇ. بىر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېلىقى پادىشاھنىڭ ئوردا سازەندىسى ساتارنىڭ ئادەمنىڭ دىلتارىنى چېكىدىغان ساداسىنى ئاڭلاپ، ئىبنى ئابدۇراخماننىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. ئۇلار سالام ـ سائەت قىلىشىپ، نام ـ ئەمەللىرىنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئوردا سازەندىسى:

ــئىنسانلار پەيدا بولۇپ تا ھازىرغىچە بۇنداق ھەيۋەتلىك، كېلىشكەن مۇڭلۇق ساتار سازى ياسالمىغانىدى. سىز قانداق قىلىپ بۇ ساتارنى قولغا كىرگۈزدىڭىز ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

ـ بۇنى بىراۋدىنمۇ ئالمىدىم، بەلكى ئۆزۈم ياساپ چىقتىم ــ دەپتۇ. ئوردا سازەندىسى:

ــبۇ ھەقىقەتەن قالتىس مۆجىزە بوپتۇ. ئەگەر بىزنىڭ شاھىمىز مۇشۇ ساتارنى ئاڭلىغان بولسا ئاڭلىماس ئىككى قۇلىقى ساقىيىپ قالغان بولاتتى، ــ دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

ــسىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىڭ قۇلىقى ياخشى ئىدىغۇ،

قانداق قىلىپ ئىككى قۇلىقى ئىگىلماس بولۇپ قالدى؟— دەپ سوراپتۇ. سازەندە:

—سىلىنى پالىۋەتكەندىن تارتىپ ئىككى قۇلىقى ئىگىلماس بولۇپ قالدى. بۇ گەپلەرنى ھازىرچە دېيىشمەي، بىر پەدە مۇڭ قىلىپ بەرسىڭىز،— دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان ساتارنى قولىغا ئېلىپ چېلىپتۇ. ئورىدا سازەندىسى:

—پاھ - پاھ، نېمدېگەن مۇڭ، نېمدېگەن ئەۋرىشىم، يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىدىغان ناخشا بۇ، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىزنى ئۇستاز تۇتسام قوبۇل قىلامسىز؟— دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

—ئېيتقىنىڭىز بويىچە بولسۇن. بىز ئۆزئارا بىر - بىرىمىزدىن ئۆگىنەيلى،— دەپتۇ.

سازەندە ئىبنى ئابدۇراخمان بىلەن خوشلىشىپ ئوردىغا قايتىپتۇ ۋە ئوردىدىكى تېۋىپنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا:

—مەن ساتار ياساپ مۇقام ئىجاد قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان ئىبنى ئابدۇراخمان ئىسىملىك مۇقام ئۇستازىنى ئۇچراتتىم. ئۇ ساتارنى ئىجاد قىلىپلا قالماي، مۇقاملارنى ئىجاد قىلىپ كامالەتكە يېتىپتۇ،— دەپتۇ. تېۋىپ:

—بۇ ئادەم قايەردە ئىكەن؟— دەپ سوراپتۇ. سازەندە:

—نېرىسى ئۈچ كۈنلۈك، بېرىسى ئۈچ كۈنلۈك، ئادەمزات ئايىغى يەتمەيدىغان بىر جاڭگالدا ماكان تۇتۇپ ياشاپتۇ،— دەپتۇ. تېۋىپ:

—پادىشاھىمىزنىڭ ئىككى قۇلىقى ئىگىلماس بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۇنىڭغا قىلمىغان سەۋەبلىرىمىز قالمىدى. مەن بىرەر ئەپچىل چارە تېپىش نىيىتىدە قۇرچىغا پال سالدۇرسام، مۇبادا پادىشاھ قۇلىقىمنى ساقايتاي دېسە، ئىبنى ئابدۇراخمان ئىسىملىك مۇقام ئۇستازىنىڭ ساتارىنى ئاڭلاپ بەرسە تېز ساقىيىپ كېتىدۇ دېگەنىدى،— دەپتۇ. سازەندە:

—ئۇنداقتا ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ پادىشاھنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىشاق بولغۇدەك،— دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا:

—ئەي سازەندە، بىرقانچە لەشكەر بىلەن سەپەرگە ئاتلان. ئۇ زاتنى ئوردامغا تەييار قىل،— دەپتۇ. سازەندە بىرقانچە لەشكەر بىلەن ئىبنى ئابدۇراخمان تۇرۇشلۇق جاڭگالغا بېرىپ ئىبنى ئابدۇراخمانغا پادىشاھنىڭ تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئېلىپ، ساتارنى ئالغانچە سەپەرگە ئاتلىنىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. سازەندە:

—ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، ساتار ئىجادچىسى، مۇقام ئۇستازى ئىبنى ئابدۇراخمان سىلىنىڭ ئىجازەتلىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ،— دەپتۇ. پادىشاھ:

—ئۇ زات دەرھال ھۇزۇرۇمغا كىرسۇن،— دەپتۇ. سازەندە:

—خوپ پادىشاھى ئالەم،— دېگىنىچە، سىرتقا چىقىپ پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئىبنى ئابدۇراخمانغا مەلۇم قىلىپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان ساتارنى ئالغانچە:

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، چاقىرىقلىرى بويىچە كەلدىم، ماڭا نېمە ھاجەتلىرى بار ئىكەن،— دەپتۇ. پادىشاھ:

—يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان بىر پېشكەللىككە يولۇقۇپ ئىككى قۇلىقىم ئاڭلىماس بولۇپ قالغانىدى. بەختىمگە يارىشا بۇ مۆتىۋەر قۇرىچى ئادەم ساتار ئاڭلىسىلا قولاقلىرى ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىپ سېنى كۆرسەتتى. ئەگەر سەن مېنىڭ قۇلىقىمنى داۋالاپ ساقايتالىساڭ دۆلىتىمنى زىيادە قىلىمەن،— دەپتۇ. ئىبنى ئابدۇراخمان:

—ئەگەر ساتار چالسام قولاقلىرى ساقىيىدىغان بولسا، مەن ساتارىمنى چالاي،— دەپتۇ - دە، ساتارنى چېلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ:

—پاھ - پاھ، نېمدېگەن مۇڭ - ھە، ئاڭلىسام - ئاڭلىسام يۈرەك تارىمنى چېكىپ قۇلىقىمنىڭ تۇتۇلغان پەردىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. ھازىر قۇلىقىم تامامەن ئەسلىگە كەلدى. رەھمەت ساڭا مۇقام ئۇستازى ئىبنى ئابدۇراخمان، خۇدا ئىككى قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن،— دەپ ئۇنىڭ ئىككى قولىغا ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە مۇنداق جاكار ئېلان قىلىپتۇ:

«بۈگۈندىن باشلاپ ئىبنى ئابدۇراخمان ئوردىمىزنىڭ سازەندە باشلىقى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى قەسىر سېلىپ بېرىلسۇن، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلەنسۇن، دۆلىتىمدە ساتار ئومۇملاشتۇرۇلسۇن». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ساتار بۇ ئەلدە ئومۇملىشىپتۇ. بۇ ئەلنىڭ نامى ساتار، مۇقام دىيارى، دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياسىن ئىبراھىم، ئۇيغۇر، ئىشچى، 73 ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئىتتىپاق» چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتىدىن.

توپلىغۇچى: زۇنۇن رېھىم، ئۇيغۇر، 46 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەن، سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# قاراخان ۋە داپ



يىراق قەدىمكى زاماندا، قاراخان دېگەن بىر باتۇر ياشىغان ئىكەن. ئۇ دەۋران سۈرگەن چاغلاردا ئادەم جىنسلىق رەقىبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ئەمما، قاراڭغۇتاغنىڭ كەينىدە بىر توپ جىن ـ شەيتانلار بولۇپ، ئۇلار دائىم قاراخان قوشۇنلىرى بىلەن ئىركىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ جىنلارنىڭ بىر ئاجىزلىقى، ئۇلار ئېشەكتىن قورقىدىكەن. چۈنكى ئېشەك سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ، ئەڭ سوغۇق يەردە ياشايدىغان جىنلارنىڭ ماكانىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ھاڭراپ، تېزەكلەپ، توپا ـ چاڭ چىقىرىپ يۈرسىمۇ توڭلىمايدىكەن. قاراخان بۇ سىرنى ئۇقۇپ قالغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، جىنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشتا غالىب كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلى باشقا نام بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ ھايۋان «ئەشكەك» دەپ ئاتىلىپتۇ. «ئەش» ھەمراھ، دوست، ياردەمچى دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەن. جىنلارنىڭ پادىشاھى بىر ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر توپ جىنلارغا سۇ تولدۇرۇلغان قاپاق كۆتۈرتۈپ، بىر كۈنى كېچىدە قاراخان قوشۇنلىرىنىڭ ئېشەكلىرىنىڭ قولىقىغا سۇ قويغۇزۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېشەكلەر ئۆلۈپ قاپتۇ. قاراخان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق بىئارام بولۇپتۇ. ئۇ ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ، ئاخىر ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ، تېرىسىنى ئېلىپ، ئۆتكەرمە غەلۋىگە كېيدۈرۈپ، بولۇشىغا داراڭشىتىپ جىنلارنى قوغلاپتۇ. جىنلار ئېشەكنىڭ تېرىلىرىنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ماكانلىرىنى تاشلاپ، يىراقلارغا قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن داپ بارلىققا كەپتۇ. ئۇ دەسلەپ جىن قوغلاش ئۈچۈن ياسالغان بولسا، كېيىنچە كىشىلەرنىڭ خۇشاللىققا چۆمگەن چاغلىرىدا، سەيلە، باراۋەت، توي ـ تۆكۈنلەردە چالىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ قاپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم
توپلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان
مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن





رىۋايەتتە دۇنيا يارالغان چاغدا ئادەم بىر مەزگىل قوش هەيدەپ دېهقانچىلىق قىلغان، مال باققان. ئۇ بىر كۈنى هېرىپ ـ چارچاپ قاتتىق زېرىكىپ كەتكەن، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چالىدىغان ساز يوق ئېتىزلىقتا ئۇخلاپ قالغان. ئۇ چۈش كۆرگەن، چۈشىدە بىر هۆر كېلىپ «ئى ئادەم، سەن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشنى ئويلىماي، نېمشقا ساز چېلىشنى ئارزۇ قىلىسەن؟ تەڭرىم سېنىڭ ساز چېلىپ، تائەت ـ ئىبادەتتىن مەهرۇم قالغان گۇناهىڭ ئۈچۈن جازا بەرمەكچى ئىدى، تووۋا قىلدىڭ، گۇناهىڭدىن كەچتى. سېنى باقىي دۇنيادىن پانىي دۇنياغا هەيدەپ چىقاردى. بۇ ساۋاقنى نېمشقا ئېسىڭدە تۇتمايسەن؟» دەپ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن قولنى سىلىپ، بىر نەرسىنى سۇغىرىپ ئاپتۇ، بۇ نەرسە ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قان تېمىپ تۇرىدىكەن. هۆردەرهال زېمىندىكى تۇپراقتىن لاي ئېتىپ، بۇ ئىككى غېرىچ نەرسىنىڭ ئۈستىنى لاي بىلەن سۇۋاپ قويۇپتۇ. «تۇتقىن» دەپ ئادەمنىڭ قولىغا هېلىقى نەرسىنى تۇتقۇزۇپتۇ.ئادەم قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە قارىسا، ئىچى كاۋاك ئىكەن. ئادەم هۆردىن «بۇنى نېمە قىلىمەن؟» دەپ سوراپتۇ. هۆر «بۇنى پۈۋلەپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ئىچ پۇشقىنى چىقار» دەپتۇ. ئادەم ئۇنى پۈۋلىگەن ئىكەن ئاۋاز چىقماپتۇ، هۆر دەرهال ئۇشكە قويۇپ، ئۇنىڭغا تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ. ئادەم تۆشۈكتىن پۈۋلىگەن ئىكەن، قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىپتۇ. ئادەم قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. هۆر ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قولىدىكى بۇ نەرسىگە يەنە ئۇشكە قويۇپ تۆت تۆشۈك ئېچىپتۇ، ئادەم يەنە ئۇنى پۈۋلىگەن ئىكەن دەرهال خۇشاللىق ساداسى ئەكس ئېتىپتۇ، ئادەم خۇشال بولۇپتۇ. شۇ چاغدا ئادەم هۆرگە دەپتۇ: «ئى قىز، بۇنىڭ ئەهۋالى ئۈستىدە خەۋەر يەتكۈزسەڭىز». هۆر: «سەن سازغا ئامراق ئەمەسمىدىڭ؟ شۇ سەۋەبتىن، تەڭرى ساڭا بۇنى چېلىشقا ئەمىر قىلدى. ئاۋۋالقى تېشىلگەن تۆت تۆشۈكتىن ئازابنىڭ نەقەدەر هەيۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيسەن، بۇ دوزاخنىڭ ئالامىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. كېيىنكى تېشىلگەن تۆت تۆشۈك خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ جەننەتتىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇنى سېنىڭ كانىيىڭدىن سۇغىرىپ ئالدىم. پانىي دۇنيادا چالغايسەن» دەپ غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ئويغىنىپ قارىسا، چۈشىدە هۆر بەرگەن نەرسە بار ئىكەن. ئادەم ئۇنى بىر مەزگىل چاپتۇ. تائەت ـ ئىبادەتتىن قاپتۇ. تەڭرى بۇنمۇ چېلىشتىن چەكلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگىچە چېلىشتىن چەكلەنگەن. داۋۇت پەيغەمبەر زامانىسىغا كەلگەندە، نەينىڭ ئەسلى سىرى ئاشكارىلىنىپتۇ. شۇ زاماندا، ئادەم چالغان بۇ نەينىڭ ئاۋازى قومۇشنىڭ تېنىگە سىڭىپ كەتكەچكە هەم بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغاچقا، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان ئىكەن.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساتار ئادەم شەكلى، نەي بولسا ئادەمنىڭ كانىيى ئىكەن. پۈۋلىگەندە چىققان ئاۋاز يۈرەك قېتىدىن كاناي ئارقىلىق چىقىپ، يەنە كانايغا كىرىپ خاپىلىقتىن، خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدىكەن. نەي قومۇشتىن باشقا هېچقانداق نەرسىدە بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇمۇ ئادەم چالغان نەينىڭ ئاۋازىنى يېرىم ـ ياتا تېنىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش شۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىنغان ئىكەن. باشقا گىياهلار ساز چالغاندا ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەچكە، نەينىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن.

(«مارالبېشى ناهىيە خەلق چۆچەكلىرى»دىن)

مۇهەررىرى: نۇرنىسا باقى

# ناغرا ھەققىدە



2004.5

قەدىم ـ قەدىم زامانلاردا بىر مەملىكەتنىڭ سودىگەرلىرى سودا قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ يولى بىر چۆلدىن ئۆتىدىكەن. ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، چۆللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يولغا ئالغان سۇلىرى تۈگەپ قاپتۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سولىشىپ يىتىپ قېلىشىپتۇ. كۆچ ـ ماغدۇرىدىن كېتىپ، ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. كارۋاندا بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇلۇمىدىكى ئاخىرقى سۇيىنى سەپەرداشلىرىنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. ئادەملەر بىر ئاز ئۆزلىرىگە كېلىشىپتۇ ـ يۇ، بىراق ئىسسىقتا چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن يولغا چىقالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئويلاپ ـ ئويلاپ بوشاپ قالغان تۇلۇمنى يىرىپ ھارۋىنىڭ چاقىغا كېرىپ باغلاپ، ئاپتاپقا قارىتىپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۇنى دارائىلىتىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. ئۆزى ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ قاتتىقراق داڭلىتىپتۇ. بارا ـ بارا ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق چېلىشقا باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن چۆلنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. غەيرىي تەبىئىي بۇ ئاۋازدىن ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىگە كېلىپ، قىمىرلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلاردا كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بولۇپتۇ. ئاۋاز قۇم بارخانلىرىدىن قۇم بارخانلىرىغا ئۆتۈپ، تۆپىلىكتىن تۆپىلىكلەرگە كۆچۈپتۇ. ئاۋاز چۆلنىڭ نېرىقى چېتىدە كېتىۋاتقان باشقا كارۋانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. كارۋانلار «كارۋان ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ. بولمىسا بۇنداق ئاۋاز چىقارماس ئىدى. ياردەمگە چاقىرىۋاتىدۇ، بېرىش كېرەك»، دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ، سۇ بېرىپ پالاكەتكە ئۇچرىغان سودىگەرلەرنى ساقلاپ قېلىشىپتۇ ـ دە، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاكەت ھالىغا كەلگەن سودىگەرلەرنى ساقلاپ قالغان نەرسە ناغرا ئىكەن. ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ، كىشىلەرنىڭ تېتىكلىك، دادىللىق، جەسۇرلۇق كەيپىياتلىرى ئويغىنىدىكەن.

(«تۇرپان گېزىتى» 1992 ـ يىل 28 ـ فېۋرال سانىدىن)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئادەم ئاتىنىڭ پانىي دۇنياغا قوغلانغانلىقى



ئىنسانلار تېخى ئاپىرىدە بولمىغان چاغلاردا ئادەم ئاتا ئۆزى تەنها باقىي جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆتىدىكەنمىش. جەننەتنىڭ سۈپسۈزۈك كەۋسەر سۇلىرى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق بولۇپ، ئىچكەن ئادەمنى ياشارتىدىكەنمىش. جەننەت باغلىرىدىكى يىلبويى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان شەربەت مېۋىلەر، ئېتىز - داللاردىكى پىشىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ بولۇق ئاشلىقلار پۇراپ قويغان ھامان ئادەمگە لەززەت ۋە قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىكەنمىش. شۇڭا، ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىش مەنئى قىلىنغان ئىكەنمىش.

ئادەم ئاتا جەننەت باغلىرىدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىبلىس (شەيتان) پەيدا بولۇپ، ئادەم ئاتىنى شېرىن - شەربەت مېۋىلەردىن ۋە ئالتۇن رەڭ ئاشلىقلاردىن تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىپتۇ. ئادەم ئاتا دەسلەپىدە ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، باقىي جەننەتنىڭ شەرت، يوسۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆتۈپتۇ. بىراق، شەيتان دېگەن بۇ نىجىس ئادەم ئاتىنى ئالداپ:

— جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپ يەپ لەززىتىنى سۈرۈش—پۇراپ ھۇزۇرىنى سۈرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق. ئەگەردە چىنپۇتمىسەڭ مۇنۇ بۇغداينىڭ بىر دانىسىدىن تىلىپ ئېلىپ تېتىپ باق،—دەپ بۇدرۇققىنە ئالتۇن رەڭ بۇغداي دانىسىنى ئادەم ئاتىغا تەڭلەپتۇ.

ئادەم ئاتا نەچچە رەت تەمشىلىپ، يەنە نەچچە رەت دىلغۇل بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئىبلىس شېرىن - شېكەر ياغلىما تىللار بىلەن قىزىقتۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، ئادەم ئاتا «يا تەۋەككۇل» دەپ يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ بۇغداي دانىسىدىن بىر تىلىم تىلىپتۇ - دە، «بىسمىللا» بىلەن ئاغزىغا سېپتۇ. بۇ بىر تىلىم بۇغداي ئادەم ئاتىغا شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى، نەچچە زامانلاردىن بۇيان پەقەت پۇراش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، بالدۇرراق تېتىپ لەززەت ئالالمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىلىپتۇ. بىراق، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەم ئاتىنى نەس بېسىپ، چوڭ تەرەتنى قىستاپ ئاۋارە قىپتۇ.

جەننەتنىڭ ھەممىلا يېرى ئەينەكتەك تازا، چىندەك پاكىز، گۈل - گىياھلار ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان، گۈل - گۈلىستان، كۆكۈلمەيدان ئارامگاھ بولغاچقا، ئەخلەت - چاۋا، بەدبۇي پۇراق، پاسكىنا - مەينەتلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. جەننەتتە تەم - تائام يېيىش مەنئى قىلىنغاچقا، سۈيدۈك، نەجاسەت چىقىرىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

ئادەم ئاتا ئۆزىنىڭ بالا - قازا تېرىپ قويغىنىنى سېزىپ، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلىپ قويغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمانلار قىلىپتۇ، لېكىن قورسىقى تولغاپ، چوڭ تەرەتنى قىستاپ بىئارام قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇيان چېپىپ، بۇيان دوقۇرۇپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپتۇ. ئاخىر پايلىماي ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغان ئىكەن، ئانار دەرىخى يۈز - خاتىر قىلماي

MIRAS

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قوش مۇشتتەك توم مېۋىلىرى بىلەن ئادەم ئاتىنى دۇمبا-
لاپ قوغلىۋېتىپتۇ؛ ئادەم ئاتا ئەلەم بىلەن ئالما دەرىخىنىڭ
ئاستىدىن پاناھ ئىزدىگەن ئىكەن، ئالما دەرىخىمۇ قىلچە
يول قويماي، ئادەم ئاتىنى دۇمبالاپ ھەيدىۋېتىپتۇ؛ ئادەم
ئاتا پايلىيالماي ئەينۇلا دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپتىكەن،
ئەينۇلا دەرىخى ئادەم ئاتىنى شۇپۇڭداپ - ساۋاپ يېنىغا
يولاتماپتۇ؛ چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپتىكەن، چىلان
دەرىخى تىكەنلىرىنى سانچىپ يەتكۈدەك ئازاب سېپتۇ.
ئادەم ئاتا ھېچقايسى دەرەخنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمە-
گەندىن كېيىن، تەرەتنىڭ قىستىشىغا چىدىيالماي تۇمىقىغا
چىقىرىپ بېشىغا كىيىۋاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەركەك
زاتىنىڭ بېشىدىكى چاچتىن تارتىپ، يۈز ۋە ئېڭەكلىرىنى
بويلاپ چىققان تۈك - ساقاللار دەل شۇ ۋەقەنىڭ تەۋە-
رۈكى ئىمىش. «چاچ - ساقاللار چىلىشىپ قالغان تائام
مەكرۇھ» دەيدىغان پەتىۋامۇ شۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن چىقـ-
قانمىش.

تۇماقتا چىقىرىش بىلەنلا ئادەم ئاتىنىڭ قورسىقى بو-
شماپتۇ. بەلكى تەرىتى بارغانسېرى قىستاپ ئاۋۋالقىدىنمۇ
بەكرەك بىئارام قىلىپتۇ. ئادەم ئاتا پەقەت سەۋر - تاقەت
قىلالماي، نالە - پەرياد سېلىپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈ-
ۋىگە بارغان ئىكەن، ئەنجۈر دەرىخى ئادەم ئاتىنىڭ نا-
لە - زارىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆز ئاستىدىن پاناھلىق بې-
رىپتۇ. ئادەم ئاتا كەڭ يوپۇرماقلىق، بۈك ئۆسكەن ئەنجۈر
دەرىخى دالدىسىدابەخىرامان ئولتۇرۇپ ئىچ - قارنىنى
بوشىتىۋاپتۇ ۋە نىجاستىنى بىر تال ئەنجۈر يوپۇرمىقى
بىلەن يېپىپ قويۇپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. شۇ ھامان نى-
جاسەت پۇرىقى جەننەت ئىچىنى قاپلاپ تەرەپ - تەرەپتىن
رەزگى چىۋىنلەر پەيدا بولۇپتۇ، چىۋىنلەردىن قۇرتلار
پەيدا بولۇپتۇ، قۇرتلار ئەخلەت پەيدا قىلىپتۇ... شۇ تە-
رىقىدە ئۇنىڭدىن بۇ پەيدا بولۇۋېرىپ، ئەتراپنى مەينەت-
چىلىك بېسىپ، پاك، گۈزەل جەننەتنى بۇلغاپتۇ.

بۇنىڭدىن ئاللاتائالا خەۋەر تېپىپ، ئىنساپسىز ئادەم
ئاتىنى باقىي جەننەتتىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىپ،
جىنايەتلىك پانىي دۇنياغا ھەيدىۋېتىپتۇ، يامانغا يانتاياق
بولغان ئەنجۈر دەرىخىنى بولسا گۈل - چېچەك ئېچىشتىن
مەھرۇم قىلىپ، ھەر كۈز كۈنلىرى دەسسەپ قايرىپ، ياذ-
تاق، تىكەنلەر بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈشكە، مېۋىسىنى ئۇ-
رۇپ كاچاتلاپ يېيىشكە ھۆكۈم قىلىپتۇ. باقىي جەننەتتە
پەيدا بولغان سېسىقچىلىق، ئەخلەت - چاۋا، چىۋىن،
قۇرتلارنى ئادەم ئاتىنىڭ ئارقىسىدىنلا پانىي دۇنياغا
ھەيدەپ چىقىرىپ، باقىي جەننەتنى ئاددىي ئىنساندىن
خالىي، پاك، گۈزەل، راھەتبەخش سەيلىگاھ قىياپىتىگە
كەلتۈرۈپتۇ. ھازىر ئىنسانلار ئىستېمال قىلىۋاتقان بۇغداي
دېنىنىڭ قورسىقىدىكى بىر تىلىم سىزىق ئەينى چاغدا ئا-
دەم ئاتا بىر تىلىم تىلىپ يېگەندە قېپقالغان تارتۇق ئى-
مىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھۆسنىرىخان، ئايال، ئۇيغۇر، 53 ياش، سا-
ۋاتسىز، دېھقان، بۈگۈر ناھىيە چېدىر يېزىسىدىن.

توپلىغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممىدى ئاقىيولى، ئۇيغۇر، ئالىي
تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن، «باينغولىن گېزىتى» مۇھەررىرى.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئە-سىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# ئاي ھەقىدە ئەپسانە

ئەسلىدە قۇياش بىلەن ئاي ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئاشىق ـ بىقارارلاردىن ئىكەن. ئاي قۇياشنىڭ ئىشقىدا ئاھۇ پەرياد چەكسە قۇياشمۇ ئاينىڭ ئىشقىدا پۇچىلىنىپ ھىجران ئوتلىرىدا ئاتەش بولۇپ كۆيىدىكەن. بىراق، ھەر ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا، بىر ـ بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، ئارمان بىلەن يۇرۇشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ كۆڭلىدە قۇياشقا مۇھەببەت پەيدا بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسىرى ئۆكەر يۇلتـۇزنـىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىپ چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپتۇ ـ دە، قۇياشقا چولپان يۇلتۇزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. بىراق، قۇياش ئۆز سۆيگىنىنىڭ ئاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ، ئىشق دەردىدە يۈرىكى ئازابقا تولغان ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ رەڭگى زەپىران بولۇپ نادامەتلەر چېكىپتۇ. قۇياش ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ ئاھ ـ نادامەتلەر چېكىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن چـولـپـان يۇلتۇزغا:

—ئۆكەر يۇلتۇزغا ئۇۋال بولغۇدەك، مەن ئۇنىڭغا ئازراق كۆڭۈل بۆلەي، بىراق ۋىسالىغا يەتكۈزمەيـمـەن. چۈنكى، مېنىڭ بىردىنبىر سۆيگىنىم ئايدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۆكەر يۇلتۇزغا دېگىن، ئۇ ماڭا يېقىنراق يەرگە كېلىپ جامالىمنىڭ تەپتىدىن ئۆزىگە ئاراملىق تاپسۇن ـــ دەپتۇ.

ئۆكەر يۇلتۇز كۆڭلىگە باشقا بىر نىيەتـنى پـۈكـۈپ، ھوشنى يوقاتقان دىۋانە سۈپەت بىلەن بىر ھاسا تاياقنى تاپىنىپ قۇياشقا يېقىن كەپتۇ، چاچلىرىنى يۇلۇپ پىغانلار چېكىپتۇ، يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاخىرى قۇياشنىڭ ھارارەت بەلۋېغى ئەتراپىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بوپتۇ. قۇياشمۇ ئۇنى «ئۇخلىغان چېغى» دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق،يالغان ئۇيقۇغا بەنت بولغان ئۆكەر يۇلتۇز تۈن تەڭشەلگەندە قولىدىكى ھاسىنى قۇياشنىڭ يۈرىكىگە سانجىپتۇ. ھاسا كۆسەيدەك كۆيۈپتۇ ـ يۇ، قۇياش بۇ ئىشنى سەزمەپتۇ. ھاسا تاياق راسا چوغ بولغاندا ئۆكەر يۇلتۇز ئاستا قېچىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بارغـانـچـە شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئاينىڭ مۇبارەك چېھرىگە سانجىۋېتىپتۇ. ئاي چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، بىراق شۇنىڭدىن بېرى ئاينىڭ گۈزەل جامالىدا قارا داغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۇھەممەد ئىمىن، ئۇيغۇر، 57 ياش، دېھقان، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى قايراق كەنتىدىن.

مەرەجىخان ھاپىز، ئايال، ئۇيغۇر، 54 ياش، دېھقان، ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى قايراق كەنتىدىن.

توپلىغۇچى: مۇستاپامۇھەممەد، ئۇيغۇر، 43 ياش، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن، ئاتۇش شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





# چولپان يۇلتۇز ھەققىدە

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر ئوۋچى بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چاچلىرى قارلىق تاغنىڭ قارىدەك ئاپئاق كەمپىرى بىلەن تال بويلۇق، ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈزەل نەۋرىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ گۈزەل رەنانىڭ ئېتى چولپان بولۇپ بوۋاي بىلەن موماي بۇ يېگانە نەۋرىسىنى جانلىرىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن بىزنىڭ كۆز قارىچۇقىمىزغا سانجىلسىچۇ دېيىشىدىكەن. چولپان بولسا چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچنەرسىنى ئايىمايدىكەن. چولپان بوۋىسى بىلەن مومىسىغا كىمكى زەررىچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە زادى كەچۈرمەيدىكەن. ئۇ يولۋاستەك قەھرلىك، قاپلاندەك كۈچلۈك، تۈلكىدەك پەملىك ئىكەن. بوۋىسى بىلەن مومىسى قېرىپ كەتكەندىكتىن بۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى چولپاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىكەن.

ئۇ ئاقبوز ئايغىرىغا مىنىپ، ئوقياسىنى ئېسىپ ئوۋغا ماڭغاندا، بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇزىتىپ قالىدىكەن. چولپان بۇغا ـ مارال، ئاھۇ ـ كېيىكلەرنى ئوۋلاپ قايتىپ كەلگەندە، بۇ مەردانە نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدىكەن.

ئاي، كۈنلەر خۇددى تەسۋىنىڭ دانىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

بوۋايمۇ قېرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ھەر كۈنى كەچتە ئۇششاق جانىۋارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق، قىلتاق قويىدىكەن. ھەر كۈنى تاڭدىن بۇرۇن تۇزاق ۋە قىلتاق قويغان جايلارغا بېرىپ تەكشۈرىدىكەن. ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالغان چاغلاردا تۇزاققا چۈشكەن توشقان، كېيىك، قىلتاققا ئېلىنغان كەكلىك، قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ مومىينى خۇش قىلىدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىكى ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يامان ئەمەس ئۆتىدىكەن. بۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا سوزۇلماپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار» دېگەندەك، بۇ ئەتراپتا يەنە



بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر سانايدىغان ئاق-ساقلى بار ئىكەن. ئۇ قىلمەن دېگىنىنى قىلىدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان زومىگەر ئىكەن. ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە، يانىڭ ئوقىنى دېگەن نىشانىغا قىلچە ئۇقسانسىز تەگكۈزىدىغان ئوۋچى قىز چولپان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتى قاۋۇلغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئې-تىبارەن زومىگەرنىڭ ئىچىگە جىن چۈشۈپتۇ ۋە بۇ گۈ-زەل رەنانى ئوغلىغا چېتىپ تېخىمۇ دەۋران سۈرۈش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۆز كىشىلىرىنى ئوۋچى بوۋاي-نىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئەلچىلەر ماقۇللۇقىقا ئېرىشەل-مەي ئەلەم بىلەن قايتىپ كەپتۇ.

زومىگەر «ياخشىلىق»بىلەن ئارزۇسىغا يېتەلمەي، يامانلىققا يۈزلىنىپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپ چولپاننى تۇتقۇن قىلىپ ئۆز قەبىلىسىگە ئەپكېلىۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قوشنا قەبى-لىگە باستۇرۇپ كېلىپ، تاياق - توقماق، ئوقيالار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، چولپاننى قۇتۇلدۇرالماپتۇ. ئۆزلۈكسىز بولغان جەڭگى - جېدەللەرنىڭ بىرىدە زومىگەرنىڭ ئوغ-لىمۇ، چولپاننىڭ ئامرىقى قاۋۇلمۇ جانلىرىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن زومىگەر چولپاننىڭ پۇت - قولل-رىنى تېخىمۇ مەھكەم باغلاپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدى-غانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. چولپان ھەرقانچە يېلىنىپ يالۋۇر-غان بولسىمۇ، زومىگەرنىڭ باغرىنى يۇمشىتالماپتۇ. ئۇلار ئۇنى كېچە - كۈندۈز نازارەت قىلىدىكەن. چولپان بولسا، بوۋىسى بىلەن مومىسىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارماي يادلاپ تۇرىدىكەن. قاۋۇل جېنىدىن جۇدا بولغاندىن كې-يىن ئۇنىڭ بۇ جاھاندا ياشاشتىن رايى قايتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ كۆك تەڭرىسىگە ئىلتىجا قىلىپ:

—ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! مېنى يامانىنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلىغىن، پاكلىقىمنى پاك پېتىم ئۆز جۈپتۈمگە تاپشۇرغىن. مېنى بىچارە ئاجىز بوۋام بىلەن موماملنى سۆبھى پەيتىدە كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلمىغىن. چۈنكى بوۋام ھەر كۈنى تاڭدىن بۇرۇن ئۆزى قۇرغان تۇزاق بىلەن قىلتاقلىرىنى تەكشۈرىدۇ، ئاق كۆڭۈل مومام تاڭدىن بۇ-رۇن ساڭا سېغىندۇ. مەندىن مەرھەمىتىڭنى ئايىغىما-غىن!—دەپتۇ.

تەڭرى بۇ مەردانە پاك قىزنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى تاسما ئار-قانلار ئۆزۈلۈپتۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنى ھەر كۈنى سۆبھىدە كۆتۈرۈلىدىغان ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئايلاندۇرۇپ قو-يۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ گۈزەل نۇرلۇق يۇلتۇز كىشىلەر ئاغزىدا «چولپان يۇلتۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. چولپان تا ھازىرغىچە سۆبھى پەيتىدە ئاپئاق سا-قاللىق بوۋىسى بىلەن ئاق كۆڭۈل مومىسىغا تويماستىن قارارمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەممەت باۋۇدۇن، ئۇيغۇر، 74 ياش، ساۋات-لىق، ھۈنەرۋەن، پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشچىسى.

توپلىغۇچى: ئەخمەد ھۇسەيىن، ئۇيغۇر، 56 ياش، ئوقۇتقۇچى، ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن، پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەك-تەپ ئوقۇتقۇچىسى.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى



سىماناقۋى (پاكىستان)

پاكىستان مەدەنىيىتى ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ ـ ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈرك، ھىندى ـ ياۋروپا، ئىران، ئەرەب، موغۇل ۋە باشقا خەلقئارا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ئارىلاشما تىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مەدەنىيەتتۇر. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى، ئارىلىقىدىكى ئوراق نۇقتىلار ۋە پاكىستان مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى شەكلىنى ئالغانغا قەدەر ئەسىرلەر بويى قانداق يۇغۇرۇلۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. كۆنىمىزدىكى پاكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ۋە تۈرك ئەجدادلىرىدىن ئالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن، ھازىرقى پاكىستان زېمىنىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىمۇ نۇقتىلىق توختىلىشقا تىرىشتىم.

## تارىخچە

پاكىستان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۈگۈن پاكىستان بولۇپ قۇرۇلۇپ دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان زېمىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىش ئىنتايىن قىيىن. بۇ رايوننىڭ دەسلەپكى ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500—3000 ـ يىللار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان پەرقلىق بىرقانچە مەدەنىيەت ئىزىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ يەردىكى ئىندوس ۋادىسىدا ناھايىتى پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى قولغا چۈشۈردى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللار ئەتراپىدىكى كونا تارىخي دەۋردە بۈگۈنكى پاكىستان زېمىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

پاكىستان مەدەنىيىتى ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچەمدە مۇسۇلمان ئەجدادلىقتۇر ۋە بۇ سەۋەبتىن قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى خاراكتېرىگە ئىگىدۇر. ئىسلامىيەت پاكىستاننىڭ بىر بۆلىكى بولغان سىندقا ئەرەبلەر تەرىپىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ كېلىنگەن ۋە يوقالماي داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئافغانلار ۋە تۈركلەر پاكىستاننىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمال تەرەپلەرگە ئىسلامىيەتنى ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام كۆچى ۋە مەدەنىيىتى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلىپ كېتەلمىگەنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تەسىرى رايونلار ئارىسىدا پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىسلامىيەت ئەڭ بالدۇر كىرگەن بۈگۈنكى پاكىستاننى تەشكىل قىلغان رايونلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك

بىر تۇرغۇنلۇقى بار ئىدى. بۇ رايونلاردا ئىسلامىيەت پەقەت يېتەكچى دىن بولماي تۇرۇپمۇ قەيەردىلا بولمىسۇن پۈتۈن خەلق تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلگەنىدى. مۇشۇنداق قىلىپ تارىخ بويىچە ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان بۈگۈنكى پاكىستان بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ باشقا رايونلىرىدىن كەسكىن بىر مەدەنىيەت پەرقى سەۋەبىدىن بىلەن ئايرىلغانىدى. بۇ ئايرىم رايوننىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن 8 ـ ئەسىردە ئىشغال قىلىنىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ نىسبەتەن دىننى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىشىدىن ئېتىبارەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تېخىمۇ ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان. تۈركلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئويناشقا باشلىدى. غەزنە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گورلۇق تۈرك ھۆكۈمرانلار ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كەلگەن تۇنجى مۇسۇلمان تۈركلەردىن ئىدى.

غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان سۇبۇقتېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا، بۇخارادا بۈيۈك بىر سىياسىي ۋە مەدەنىي شىمال ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرى تۇنجى بولۇپ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ باشچىلىقىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە لاھور بۈيۈك بىر ئىسلام مەركىزى ھالىتىگە كەلگەن. بۈگۈنكى پاكىستاننى تەشكىل قىلغان رايونلاردا غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان غەزنە شەھىرى ۋەيران قىلىنغان ۋە ناھايىتى كۆپ سەنئەتكار، شائىر، يازغۇچى ۋە پەيلاسوپلار بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىپ لاھورغا كېلىپ يەرلەشكەن. ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ۋە يۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، بۇ كىشىلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن ئەمەلىيەتتە لاھوردىمۇ بىر يېڭى غەزنە دۇنياسىنى ياراتقان.

غەزنە سۇلتانلىقىدىن كېيىن ھاكىمىيەت گورلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. گور ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال كەلگەنلىرىدىن بولغان مۇھەممەد گورى ئوغۇل ۋارىس قالدۇرالماي ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئوڭ قولى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەمىرلەشكىرى قۇتبىددىن ئايبەك مۇھەممەد گورىنىڭ تۈرك ئەمىرلىرى تەرىپىدىن سۇلتانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن. ئايبەك ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئورنىنى ئەسلىي تۈرك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىلتۇتمىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. سۇلتان ئىلتۇتمىش ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۇنجى تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسىدۇر. سۇلتانلارغا خاس ئالدىن كۆرەرلىككە ۋە مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولغان ئىلتۇتمىش ھاكىمىيەت ھارۋىسىنى ناھايىتى ياخشى تەرەپكە بۇراپ ئېلىپ ماڭغان. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ ياراملىق ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك ياردەم قىلغانىدى.

ئىلتۇتمىشنىڭ ئۆلۈمى بىر مەزگىللىك داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىلتۇتمىشنىڭ لەشكەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدارىسىدە بولغان تۈركلەر ئەڭ ئاخىرى ئىلتۇتمىشنىڭ ۋارىسى ۋە ئۆزىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان قىزى رازىيە سۇلتاننىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. شۇنداق قىلىپ مىلادىيە 1236 ـ يىلى رازىيە سۇلتان ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۇنجى مۇسۇلمان سۇلتان ئايال بولۇپ قالغان. رازىيە سۇلتان ئىمپېراتورلۇقىدا قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلغان ۋە ئەركان دۆلەت ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى قىلغان. كىيىم كىيىش جەھەتتە ئاياللارغا خاس كىيىم كىيىشنى تاشلاپ ئەرلەردەك كىيىنىشكە باشلىغان. ھەم ساراي ئىچىدە ھەم ئۇرۇشتا ئۆزىنى كۆرسەتكەن. نېمە سەۋەبتىنكىن، مىلادىيە 1240 ـ يىلى ئەركان دۆلەت رازىيە سۇلتاننىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان.

مىلادىيە 1266 ـ يىلى بىر تۈرك ئېسىلزادىسىنىڭ ئوغلى بولغان غىياسىددىن بالبان سۇلتان تەختكە چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇتۇق قازانغۇچى بىر ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى، ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ خاندانلىقى ھالاك بولدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا جالالىددىن فەروزە شاھ تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىلجى خاندانلىقى چىقتى. بۇ خاندانلىقنىڭ ئورنىنى مىلادىيە 1320 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەسلىي ئېتى غىياسىددىن تۇغلاق شاھ بولغان غازى مالىكنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن تۇغلاق خاندانلىقى ئالدى. تۇغلاق ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى مىلادىيە 1412 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سەييىد خاندانلىقى ۋە لودى خاندانلىقىنىڭ ئافغان ھۆكۈمرانلىرى تەقىپ قىلدى.

مىلادىيە 1524 ـ يىلى چاغاتاي تۈركلىرىدىن بىرى

بولغان بابۇر ئىبراھىم لودىنىڭ لەشكەرلىرىنى يېڭىپ لا-
ھورنى ئىشغال قىلدى. 1526 ـ يىلى بولسا يەنىمۇ ئىلگە-
رىلەپ مەشھۇر پەنىپەت ئۇرۇشىدا ئىبراھىم لودىنىڭ سان
جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان لەشكەرلىرى ئۈستىدىن كىشىنى
ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە زەپەر قازىنىپ، ئاسىيا
ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا موغۇل خاندانلىقى دەۋرى-
نىڭ باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. موغۇل خانداذ-
لىقىنىڭ كۈچى ھەم ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بىر مۇسۇلمان
ھاكىمىيىتىنىڭ ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت بايلىقى 16 ـ ئە-
سىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە ئۇزۇن تەسىرىنى كۆرسەتتى.

### يېمەك ـ ئىچمەك

كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركلەر بولغان مۇ-
سۇلمانلار ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىمۇ ئۆزلىرى
بىلەن تەڭ ئېلىپ كېلىشكەندى. بەك ئازلىرىنى يەرلىك
خەلقتىن ئالغانىدى. بۇ ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ قانچىلى-
كىنىڭ نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغانلىقى ۋە ھازىرمۇ شۇنچىغا پاكىستانلىقلارنىڭ ئىشە-
نئۇاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ ئىش بىزنى چۆچۈتمەي
قالمايدۇ. مىسالغا ئالساق، بۈگۈن پاكىستاندا ئىچىلىۋاتقان
تائاملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەردىن تولۇپ پەرقى پىشۇ-
رۇش جەريانىنىڭ سەل ـ سەل ئوخشىماي قالغانلىقىدۇر.
پاكىستانلىقلار زەيتۇن يېغى ۋە ساپ سۈتنى قايماقنى
بۇغداي ۋە ئايچېچەك يېغىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ ۋە تا-
ئاملارغا ناھايىتى كۆپ باھارات ئىشلىتىدۇ. ھەتتا پاكىستان
يېمەكلىرىنىڭ ۋە يەيدىغان ماددىلىرىنىڭ بەك كۆپىنىڭ
ئېتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن. مىسالغا ئالساق، پە-
شۇرۇلغان گۈرۈچ تامىقى «پولۇ»، قازان نېنى (قوتۇر-
ماچ)«نان»، ئەت «گۆش»، سوغان «پىياز» دېيىلىدۇ
ۋە ئەلۋەتتە بەزى ئورتاق سۆزلەر تۈركچىدىكى بىلەن
ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. «كاۋاپ»، «ھالۋا»، «شالگام»،
شورپا» ۋە باشقىلار.

### تىل

پاكىستاننىڭ مىللىي تىلىنىڭ نامى بولغان «ئۇردۇ»
ئاتالغۇسى تۈركچىدىكى «ئوردۇ» (لەشكەر»دىن كەل-
گەندۇر. بۇ ئاتالغۇ ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا
تەخمىنەن 1000 يىل ئىلگىرى كەلگەن تۈرك لەشكەرلىرى-
نىڭ لاگېرلىرىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولسا كېرەك. ئوردۇ
تىلى پەيدا بولۇشىدىن پاكىستاندىكى بۈگۈنكى ھالىغا
كەلگىچە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈر-
گەن. دەسلەپتە كونا مۇسۇلمان «سوفى»لىرى ئۆز ۋە-
زىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇ تىلنى تەرەققىي قىلـ-
دۇرغان، كېيىن بازارلارغا، ئىلىم ـ سېنىم مەركەزلىرىگە
ئېلىپ بېرىلغان، سارايلارغا ۋە ئاستانىلەرگە كىرگەن، بۇ
ئۇزاق ۋە زور بولغان سەپەردە بۇ تىل ئۆزىنى پۈتۈنلەي
يەرلىك دىئالېكتىلار بىلەن تويۇندۇرغان ۋە ناھايىتى
ئەبجەش ھالەتكە كەلگەن. ئەسىرلەر بويى يېڭى ئېقىم-
لارنىڭ تەسىرلىرىنى ئۆزىگە قوشقان، مەدەنىيەت يىلتىزى
بولغان تۈرك تىلىنى يەنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسىي يىلـ-
تىزى ھالىتىدە ساقلاپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئوردۇ
تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ 6000 دىن ئارتۇق ئورتاق
سۆزى باردۇر.

### مۇراسىملار

پاكىستاندا ساقلىنىپ قالغان مۇراسىملارنىڭ ئەڭ
كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىرى مۇسۇلمانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنىي مۇراسىم-
لارمۇ بار. دىنىي مۇراسىملارغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان
شۈكۈر قىلىشنى ئىپادە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ
بىرىنى سۆيۈندۈرۈش ئورتاق ئارزۇسىدا قوبۇل قىلىنغان
بايراملار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى ئىككى ھېيت-
تۇر. رامىزاننىڭ خەيرلىك ھالدا تاماملىنىشى روزى ھېيت-
نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ھەزرىتى ئىبراھىم-
نىڭ ئاللاھنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنۇپ ئوغلى ئىسمائىلنى
قۇربان قىلىشنى تەكلىپ قىلىشى قۇربان ھېيتنىڭ ئەڭ ئا-
ساسلىق مەنىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزغان. پاكىستاندا قوي-
لارنىڭ قۇربان قىلىنىشى بىلەن ھەر يىلى قۇربان ھېيت
خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە قۇربانلىق گۆشلىرى ئىسلام
شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ھالدا خىش ـ ئەقرىبالارغا، قېرىنداش-
لارغا، قوشنا ـ قولۇملارغا ۋە پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرى-
لىدۇ.

رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى مۇقەددەس كىتاب قۇر-
ئاننىڭ چۈشكەن كۈندۇر ۋە ئىنسانلار جامەلەردە بىر
يەرگە توپلىنىپ پۈتۈن كېچە دۇئالار قىلىپ بۇ خەيرلىك
كۈننى قۇتلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇ-
ھەممەدنىڭ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) تۇغۇلغان
كۈننى تەسىرى ناھايىتى زور بولغان باشقا بىر دىنىي
مۇراسىم بولغان «مەۋلۇت» ئارقىلىق خاتىرىلەپ، ئىس-
لامىيەتنىڭ بۇ پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ قىلغان
ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) تۇغۇلغان ئاي بولغان رەببىئۇل ئەۋۋەلدە جامەلەردە توپلىنىشلار بولغانغا ئوخشاش ئۆيلەردىمۇ ئۆز لايىقىدا خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىغا بېرىپ «فاتىھە» ئوقۇماقمۇ پاكىستاندا كەڭ تارقالغان ئىبادەتتۇر.

پاكىستاندا توي ياكى تۇغۇت سەۋەبى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغىمۇ ئىسلامى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھاۋاسى ھاكىمدۇر. بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭى تەرىپىدىن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇماق ۋە تونۇتماق ئۈچۈن «ئەزان» ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئائىلىسىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە قېرىنداشلار زىيارەت قىلىدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈشكە، قۇتلاشقا كېلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەدىيە ياكى پۇل بېرىشىدۇر.

پاكىستاندا توي قىلىش ئەڭ چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمدىن بېرى تېپىك بىر پاكىستان قائىدىسى بويىچە توي قىلغانلارنى قۇتلۇقلاش بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلاتتىكەن، ھازىر بولسا ئۈچ كۈنگىچە داۋاملىشىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە كۈيئوغلىنىڭ كېلىننى ئېلىش ئۈچۈن بىر توي كۈنى باردۇر. «نىكاھ» مۇشۇ كۈنى ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تۇتقان ئۆيى بەختكە تولسۇن، دەپ خەيرلىك تىلەكلەردە بولىدۇ، شېكەر تارقىتىلىدۇ، كۈيئوغۇل ئالدى بىلەن كېلىننىڭ ئانىسى، ئاندىن باشقا تۇغقانلىرىنىڭ نەق پۇل، ئۈزۈك ۋە باشقا ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ بىر جۈپلەرگە يەنە «جاھىنز»، يەنى قىز مېلى ئۈچۈن ھازىرلانغان تۈرلۈك بۇيۇملارمۇ ئەۋەتىلىدۇ. يەنە بىر كۈنى كۈيئوغۇلنىڭ ئائىلىسى بۇ تويىنى قۇتلايدۇ ۋە ئۆز ئائىلىسى ۋە دوستلىرى بىلەن كېلىننىڭ ئائىلىسىنىڭ شەرىپىگە بىر زىياپەت بېرىدۇ. بۇ «ۋالىما»، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە كۈيئوغۇلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كېلىنگە يېڭى كىيىم ۋە زىبۇ زىننەتلەرنى تاقايدۇ ياكى قولىغا نەق پۇل بېرىدۇ.

يەنە كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ۋە كەڭ تارقالغان مۇراسىم «خېنە قويۇش» مۇراسىمىدۇر. توي كۈنىدىن بىر كۈن ئاۋۋال قۇتلىنىدۇ. بۇ مۇراسىمغا دائىم ئەرلەر قېتىلىۋالسىمۇ، ئەسلىدە بۇ مۇراسىم ئاياللار ئۈچۈندۇر. بۇ قۇتلۇقلاشتا كېلىن بىلەن كۈيەۋ ئائىلىلىرى تەرىپىدىن بەزى ئومۇملاشقان سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئۆيلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بەك كۆپ ياخشى تىلەك بىلەن ئۆيلىنىشكە ھازىرلىنىدۇ. كېلىننىڭ سىڭىللىرى، باشقا قىزلار ۋە ئاياللار بىلەن بىرلىكتە خېنە ناخشىلىرىنى ئېيتقاچ كۈيەۋنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىدۇ. قوللىرىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن، ئۈستىگە بىرەر شام يېقىلغان خېنە كاسىلىرىنى يەرگە قويىدۇ، ئۇلارنىڭ بەختىنى قۇتلۇقلاش ۋە بۇنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن كاسىلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ ۋە كۈيەۋگە يەتتە خىل شېكەر ئىكرام قىلىدۇ. بۇ، كۈيەۋ ھاياتىنىڭ شۇ شېكەردەك مول ۋە تاتلىق بولۇش تىلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خانىملار كۈيەۋنىڭ قولىغا خېنە ياقىدۇ. بۇمۇ كۈيەۋنىڭ كېلەچەكتىكى ھاياتىنىڭ قوللىرىدىكى خېنىنىڭ رەڭگىدەك پارلاق بولۇش تىلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاخىرقى كۈنگە سىمۋوللۇق بىر ھازىرلىق بولۇپ كۈيەۋنىڭ چېچىغا ياغ سۈرۈشىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ قىزلىرى بىر ياندىن «دولاك»، دەپ نام بېرىلگەن ۋە بىر خانىم تەرىپىدىن ئىككى قول بىلەن چېلىنىدىغان پاكىستان دۇمبىقىنى چالغاچ، بىر ياندىن ئومۇملاشقان توي ناخشىلىرىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارغا بىر زىياپەت بېرىلىدۇ ۋە كۈيەۋنىڭ ئائىلىسىدىن خوتۇنلار كېلىننىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىدۇ، خېنە، شېكەر ۋە يېڭى گۈل ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۈيەۋ ئۈچۈن قىلىنغان قائىدىلەر ئەمدى كېلىن ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ناخشا ئېيتىش بىر ھازا داۋاملىشىدۇ ۋە كېچىنىڭ خېلى بىر قىسمى مۇشۇ خۇشاللىق بىلەن ئۆتىدۇ.

يېقىندا ئەسمە يېنىدىكى بىر بازاردا ئادەتتىكى بىر تۈرك تويىنىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىش پۇرستىگە مۇيەسسەر بولدۇم ۋە بۇ تويدا كۆرگەن ئادەتلەرنىڭ پاكىستاندىكىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن پەرق ئەتتىم. مۇراسىمدىكى مېھمانلاردىن تۈركىيىنىڭ كىچىك بازار ۋە شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق ئومۇملاشقان توي مۇراسىملىرىنىڭ «خېنە كېچىسى» نامىدا «خېنە قويۇش» مۇراسىمىنىڭ ھازىرمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

### ئويۇنلار

ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە ھەدىيە

www.uyghurkitap.com



قىلىنغان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە ئويۇنلارمۇ باردۇر؛ مەسىلەن ئالساق، چەۋگەن ئاتقا مىنىش، مۇسابىقە، ئوۋچىلىق، ئوقيا ئېتىش ۋە باشقىلار. بۇ ئويۇنلار ھازىر پاكىستاندا ناھايىتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە.

### ئەدەبىيات

ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار پاكىستانغا بۈيۈك بىر ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنى باشلاپ بەرگەندۇر. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ داڭلىقى ۋە «ئوردۇ»تىلىنى قوللانغان تۇنجى يازغۇچى ئەمىر خۇسرەۋ ئىدى (1253 ـ 1325). ئەمىر خۇسرەۋ پەقەت شائىر بولۇپلا قالماي، ئۆز زامانىدىكى داڭلىق بىر ئىنىسكىلوپېدىك ئالىم، ئاكادېمىك، تارىخچى ۋە مۇتەسەۋۋۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوردۇچە شېئىرلىرى پاكىستاندا ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ناھايىتى كۆپ تونۇلغان ناخشىچى تەرىپىدىن ئېيتىلغاندۇر. خۇسرەۋ يەنە ئۆز زامانىدا بەزى يېڭىچە ئۇسلۇبلارنىڭ ۋە يېزىقچىلىق ئىستىللىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىدى.

ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تارىخ يېزىش سەنئىتىمۇ تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشى بىلەن خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ تارىخ ـ تەزكىرە ئەسەرلىرىنى يېزىشتى، بىز پاكىستان خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تارىخىدىن، يەنى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدىغان مول مىقداردا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. تارىخچىلارنىڭ بەك كۆپى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولمىغانلىقى ياكى بەزى چاغلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئەمەل تۇتۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن شەخسىي ھېسسىيات نۇقتىسىنى چىقىش قىلغان ھالدا يېزىلغاندۇر.

### مۇزىكا

مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ موغۇللار (تۈركلىشىپ كەتكەن چاغاتايخان ئەۋلادلىرى) ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ناھايىتى كۆپ مىقداردا مۇزىكا ئەسەرلىرى، چالغۇ ئەسۋابلار ۋە مۇزىكانتلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەندى. ئەرەب، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇزىكا جەۋھەرلىرى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇزىكىسىنى بېيىتقان. راۋاب، غىجەك، چاڭ، تەمبۇر، شاھرود ياكى سارود، قالۇن، نەي ۋە ناغرا دېگەندەك يېڭى بىر گۇرۇپپا مۇزىكا چالغۇ ئەسۋابلىرى قوشۇلغان. بۇ يېڭى سازلار مۇسۇلمانلارچە ئاممىۋى تۈس ئالغان ھالدا ئېلىپ كېلىنگەن، ئەينى زاماندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بار بولغان تارلىق، يەللىك ۋە ئۇرۇلىدىغان سازلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبى بويىچە ئۆزگەرتىلگەن. يېڭى مۇزىكا ئىسمىلىرى بارلىققا كەلگەن ياكى «راگالار» بويىچە ئاتالغان. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىجادچىسىمۇ ئەمىر خۇسرەۋ ئىدى. خۇسرەۋ پاكىستان مۇزىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بەك ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان. «ساتار» دېگەن نام بېرىلگەن ئاممىۋى چالغۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مىستىك تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «قاۋۋەلى» ئۇسلۇبىدا ئاھاڭ ئىشلىگەن.

### رەسىم

موغۇللار (تۈركلىشىپ بولغان چاغاتايخان ئەۋلادلىرى) ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆزلىرىنىڭ رەسىم ئۇسلۇبلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇ ئۇسلۇب يەرلىك ئۇسلۇبلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، «موغۇل رەسىم ئۇسلۇبى» دېگەن ئۇسلۇب مەيدان چىققان. پاكىستاندىكى رەسىم ئۇسلۇبى موغۇل رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەندۇر. بۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىلى ئابدۇررەھمان چۇغتايدۇر (1897 ـ 1975). چۇغتاينىڭ رەسىملىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىك ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادە قىلىشتا سىمۋولىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىشتۇر. مەسىلەن ئالساق، رەسىملىرىدىن بىرىدە يىرتىق كىيىمنىڭ ئىچىدە زەئىپ بىر تىلەمچى بىلەن چېچەكلەر بىلەن تولۇپ ـ تاشقان بىر دەرەخ بىر ـ بىرىگە يانمۇيان جايلاشتۇرۇلغان. يەنە باشقا بىرىدە ئازاب چەككەن بىر ئايالنىڭ يېنىدا بەخت تۇيغۇسى بىلەن سايراۋاتقان بىر قۇش باردۇر. بۇ ئۇسلۇب بىر تەرەپتىن، ھاياتنىڭ ئىچىدىكى زىتلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ «قوبۇل قىلىش ۋە ئېتىراز بىلدۈرمەسلىك» ئادىتىنى سىمۋوللاشتۇرغان.

### مىمارلىق

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرى قولغا كىرگۈزگەن بۇ قىتئە پارچىسىنى مىمارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن. مىمارى ئۇسلۇبلارغا ئەگىمەش، كامان شەكىللىك، ئىنسانغا راھەت بېغىشلايدىغان ۋە ئوچۇقلۇق ھېسسى بېرىدىغان قۇببە ۋە گۈمبەز شەكىللىك قۇرۇلۇش-

لار ھاكىم ئىدى. دېكوراتسىيە موتىفلىرىدا بولسا كېسىشكەن، گېئومېترىك شەكىللەر، چېچەك موتىفلىرى، قۇرئاندىن ئېلىنغان ئايەتلەر بولغان ھۆسنخەت سەنئىتى بىلەن يېزىلغان يازمىلار بىلەن تولغانىدى. مۇسۇلمانلار بىنالارنى گۈزەللەشتۈرمەك ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك تاشلار، رەسىملەر ۋە ئالتۇن قاپلىمىلار ئىشلەتكەن. ئايرىم ئەھۋاللاردا سارايلارنىڭ ۋە بىر قىسىم بىنالارنىڭ تاملىرىغا تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغانلىقىغا دائىر دەلىللەرمۇ بار. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇبنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە تۈركىيىدە ھازىرمۇ كۆرەلەيمىز.

16 _ 18 ئەسىرلەر ئارىسىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىقى پاكىستاندا ئەڭ بۈيۈك ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلگەن دەۋر ئىدى. بۈگۈن بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆرنەكلىرىنى لاھوردا، كونا ئولتۇراق رايونلاردا تاپقىلى بولىدۇ. بۇ رايون ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرلەرنى موغۇل مىمارچىلىقىنىڭ كېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن پەرقلىق سەھىپىلەر ئارقىلىق سىمۋوللايدۇ. بۈنىڭدىن باشقا يەنە موغۇل دەۋرىنىڭ قالدۇرغان بىر قاتار مىمارلىق ئىزلىرى ھازىرمۇ باردۇر، بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى لاھور ئەتراپىغا جايلاشقان شەھدارادا ئىمپېراتور جاھانگىرنىڭ مازارى، ۋەزىر، خان جەمەتى مازىرى ۋە لاھوردىكى مەشھۇر شالىمار باغچىلىرىدۇر. ساتتادىكى جامائە جامەسىمۇ پاكىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇسلۇبىنىڭ ئوخشىغۇچىسىز ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر. مىلادىيە 1674 _ يىلىدا ئەۋرەڭزىپ زامانىدا قۇرۇلغان بۈيۈك پادىشاھى جامەسىمۇ موغۇل دەۋرىنىڭ دىققەتنى چېكىدىغان شاھ ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ مىراسلار ئىمپېراتور جاھانگىرنىڭ ساركوپاگوسقا ئوخشاش يەرلەردە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىسلام مىمارچىلىقىدا بەلگىلىك كۈچ ۋە مۇستەھكەملىك جەھەتتە ئەكس ئېتىشىدۇر.

### باغۋەنچىلىك

باغۋەنچىلىق سەنئىتىمۇ بۇ رايونغا موغۇللار ئېلىپ كەلگەن. موغۇللارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى ھايات شەرتى باغۋەنچىلىك ئىدى. تولا چاغلاردا باغچىلىرى چىمەننىڭ، گۈل _ چېچەكلەرنىڭ ۋە دەرەخلەرنىڭ يوغىنىشىنى ساقلايدىغان بىر ئېقىن سۇنىڭ ئەتراپىغا ئەھيا قىلىناتتى. موغۇللار بۈيۈك بىر ئىلمىي ئۇسۇل ۋە تېخنىكا بىلەن باغۋەنچىلىك سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى. باغچا ئۆيگە، سارايغا ياكى مازارغا بىرلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە قورشىلاتتى. لاھور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى باغچىلار بىر _ بىرىگە گىرەلەشمە ھالەتتە قورشىلاتتى. لاھور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدىغان بەك كۆپ باغچا ئەھيا قىلىنغاندۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى كۆچۈرمەكچى بولغان شاھلىمار باغچىسىدۇر. بۇ باغچىدا يەر ئالغان ۋە ئەنئەنىۋى تۈرك ھاماملىرىنى ئەسكە سالىدىغان ئېسىلزادىلەر ھامامىدا شۇ دەۋردىلا ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇنىڭ ئېقىشىنى ساقلايدىغان ئۇسكۇنىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

### كىيىم

كىيىم خەلقئارانىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئۇنۇملۇك بىر پارچىسىدۇر. پاكىستاندىكى ئاياللارنىڭ قىياپەتلىرى ئومۇمەن قامەز (كۆڭلەك)، شالۋار (شىم، شالۋۇر) ۋە دۇپاتتا (شارپا)دىن تەركىب تاپقان. ئەمەلىيەتتە، پاكىستانلىق ئاياللارغا خاس ھالدا قوللىنىلىۋاتقان بەك كۆپ پەرقلىق ئەنئەنىۋى قىياپەتلەرمۇ يەنە باردۇر. مىسالغا ئالساق، كېيىنلەر توي قىلغاندىن كېيىن «گارارا» كىيىدۇكى، بۇمۇ موغۇل خانىشلىرىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاياللىرىغا خاس كىيىمدۇر. يەنە بەزى ئوخشىمىغان رايونلاردىمۇ ئۆزلىرىگە خاس كېلىدىغان بىرەر شالۋار (شىم) كىيىلىدۇ. شالۋار _ قامەز ئەينى زاماندا پاكىستاندىكى ئەرلەرنىڭمۇ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ئىدى. غەربلىشىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى ھالدا، ئۆز ئەۋزەللىكى بىلەن چېپىدە كېلىدىغان كىيىملەرنىڭ، ئوچۇق قىياپەتلەرنىڭ ئورنىغا شىم، كۆڭلەكلەرنىڭ يەنىلا كەڭ كۆلەمدە كىيىلىشى بىلەن شەھەرلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى قوغدىماقتا. توپكاپى سارىيى مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان كىيىم قىياپەتلىرىنىڭ بەك كۆپىنىڭ پاكىستاندا بۈگۈنگە قەدەر كىيىلىۋاتقانلىقى بۇلارنىڭ كۆپىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەينى زاماندا تۈرك يېزىلىرىدا ۋە كىچىك شەھەرلەردە ئاياللار ۋە ئەرلەر پاكىستاندىكىلەرنىڭكىگە بەك ئوخشايدىغان ئەنئەنىۋى تۈرك كىيىملىرىنى كىيگەنىدى. تۈركلەرچە كىيىلگەن شىم (شالۋۇر)نىڭ نامى ھازىر پاكىستاندا «شالۋار» دەپ ئاتىلىدۇ.

(تۈركچە «ياۋروپا _ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 _ يىللىق 3 _ سانىدىن ئېلىندى).

ئاپتور: پاكىستاننىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ۋەلى كۆكئالىپ

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رامزان قوشاقلىرى



رامزان، رامزان،
يېتىپ كەلدى رامزان.
يېتىپ كەلسە رامزان،
قورساق تويار بەك ئاسان.

روزىنىڭ ئۈنى،
خەيرلىك كۈنى.
روزىنىڭ زاكاتىنى،
ئايرىڭ قېنى؟

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ،
قونداقتىمۇ؟
بىزگە بېرىدىغان نانلىرى،
ساندۇقتىمۇ؟

ئېيتىپ كەلدۇق رامزان،
توخۇلىدىن، زاۋىدىن.
بىزگە قويغان گۆشنانىنى،
ئېلىپ بېرىڭ تاۋىدىن.

تۆگلۈكىدىن قارىسام
ئاي كۆرۈنەر.
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي،
باي كۆرۈنەر.

بەرسىلە پات بەرسىلە،
قوي، قوزا، ئات بەرسىلە؟

ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدە،
تاپىنىڭ ئىزى
نانىنى خىللاپ ئېپ چىقىڭ،
باينىڭ قىزى.
ئېيتىپ كەلدۇق رامزان،
بىرىڭ گۈلە، ياڭاقتىن.
ياڭىقىڭىز بولمىسا،
شىرنە قويۇڭ قاپاقتىن.

ئۇلۇغ كۈندە «رامىزان» دەپ،
كۈلۈشەيلى.
بۇ دوقمۇشتا ھەر كۈنى كەچ،
كۆرۈشەيلى.

تاپقان ياڭاق، گۈلە، قاقنى،
دۆۋىلەيلى.
بىر سىقىمدىن ھەممىمىز تەڭ،
ئۈلۈشەيلى.

باللار «رامىزان» دەپ،
بەك خۇش بولدى.
يېيىش ھەر كۈنلۈكى،
نان، گۆش بولدى.

يوق دېمەي زاكات بېرىلىڭ،
بۇ رامىزان.
گۆش، گۈلە، ناۋات بېرىلىڭ،
بۇ رامىزان.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى
كەڭ يېرىلىڭ، كەڭ يېرىلىڭ.
بىزگە بەرگەن نانلىرى
بەك مەززىلىك، بەك مەززىلىك.

ئاۋۇ ئۆيگە بورا سالدۇق،
ماۋۇ ئۆيگە جەيناماز.
گۈلجەملەم تاشلىماستىن،
ئوقۇدى بەش ۋاق ناماز.

ئۇلۇغ كۈن بۇ رامىزان،
كۆرۈشەيلى قوش قوللاپ.
بىزگە بەرسەڭ مىسقاللاپ،
خۇدا بېرەر پاتماللاپ.

رامىزاندا نېمە يەيمىز،
بوز ئالا قوي، بوز ئالا قوي.
كالىلىسنى ئۆزۈڭ يەپ،
پاچىقىنى بىزگە قوي.

گەپلىرى تۈزلۈق خېنىم،
يۈزلىرى مۇزلۇق خېنىم.
رەتلىگۈچى: جاسارەت جاپپار
(خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدىن)

# پوتا قوشاقلىرى

ئەۋرىشىمدەك بويلىرى،
ئالتۇن چۆكۈشتەك قوللىرى.
قاپقارادۇر قاشلىرى،
ئىككى سۇمبۇل چاچلىرى.

لەئلى ياقۇتتىن پۈتۈپتۇ،
تاجى دۆلەت باشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جۈملە ئالەم خەقلىرى.

لەئلى مەجنۇن تالغا ئوخشار،
يەتتە زۇلپى چاچلىرى.
مەككىنىڭ مېھرابىدەك،
قاپقارادۇر قاشلىرى.

يېڭى چىققان تولۇن ئايدەك
ئاقىرىپتۇ يۈزلىرى.
يېپقا تىزغان ئۈنچىدەك
دانە ـ دانە چىشلىرى.
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى
مەن بولاي يولداشلىرى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاغچا موما، ئايال، ئۇيغۇر، 82 ياش،
ساۋاتسىز، قۇمۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزىسىدىن.
توپلىغۇچى: قادىر نىياز

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال. «مىراس»— «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سىر خىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، ژۇرنىلىمىز سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «كەپنىڭ تېگىدە گەپ بار» سەھىپىسىدە ئىبرەتلىك قىسقا ھېكايە، مەسەللەر، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «ئۈنچىلەر تىزمىسى» سەھىپىسىدە ئوت يۈرەك باتۇر ـ ئەزىمەتلىرىمىز ھەققىدىكى قىسسە ـ داستانلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «يا ئىشەن، يا ئىشەنمە» سەھىپىسىدە پالنامە، سالنامە، چۈش تەبىرلىرى، «لەقەمسىز ئەر بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىز كىشىلىرىنىڭ نام ـ شەرىپى ۋە فامىلە قوللىنىش ھەققىدىكى بىلىم ـ چۈشەنچىلىرى، «گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر» سەھىپىسىدە مىللىتىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆي جابدۇش، بېزەش، پەردازچىلىق ئادەت ـ يوسۇنلىرى، «قانۇنسىز ئەل بولماس» سەھىپىسىدە ھەر خىل دېلولار، «باتۇر باتۇرنى تونۇر» سەھىپىسىدە ھەر ساھەلەردە ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلار، «كۈلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئىللەت تۈزەلمىگۈچە، مىللەت تۈزەلمەس» سەھىپىسىدە بىز ۋە باشقىلار تۈزىتىشكە تېگىشلىك ھەر خىل ئىللەتلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر «چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننەما، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرمى ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق سادىق مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەرۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 56NC – 0311 /1

خەلقئارالىق نومۇرى: NSSI 1004 – 3829

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 – 60 ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 – 4554017

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى: 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



گۈزەللىكنى سۆيۈش



مىلتىقنىڭمۇ ھېسسىياتى بار



ئالدىن تەييارلىق



پۇرسەتپەرەس

جىددىي قۇتقۇزۇش





سالام باشلىق!



سەل تەخىر قىلىڭ

www.uyghurkitap.com







قىسقا گەپنى ئۇزۇن قىلىش



بىر چالمىدا ئىككى پاختەك





يېڭى كەشپىيات

دادا، سىنىڭ تېلېفونىڭ







قۇربانجان روزى شەيدايى يازغان



قەشقەر قىزى ( زورەم ياسىن سىزغان )

# 美拉斯

# مىراس

主管:新疆维吾尔自治
区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》编辑部
(乌市友好南路22号文联14层)
电话:4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58—60
邮编:830001　定价:5.00元

«مىراس» ژۇرنىلى ئەھرىر بولۇمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئە-
دەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە
بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
باھاسى: 5.00 يۈەن